
# دىنىمنى ئۆگىنىمەن

## ئىماننىڭ شەرتلىرى

## سوئال - جاۋاب ۋە ھېكايىلەر

1




ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

# ئىماننى ئۆگىنەيمەن

## ئىماننىڭ شەرتلىرى ھەققىدە سوئال ـ جاۋاب ۋە ھېكايىلەر

(بىرىنچى قىسىم)


تەرجىمە قىلغۇچى: ئا. مەجىد

كومپيۇتېرغا ئالغۇچى: ئا. روزى توختى

ئالاقىلىش ئادرېسى: webmaster@munber.org

http://www.munber.org



ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

## أعوذ بالله من الشيطان الرجيم

قوغلانغان شەيتاننىڭ شەررىدىن ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن.

## بســـــــم الله الـرحـمـن الـرحـيـم

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.



بىسمىللاھ

تۇنجى سۆزۈم ئاللاھ تۇر.
ئىمان تولغان قەلبىمگە.
ھەر ئاخشىمى ياتقاندا،
ھەر ئەتىگەن قوپقاندا،
دەيمەن ھامان بىسمىللاھ.

يەپ ـ ئىچكەندە رىزقىمنى،
ئوقۇغاندا كىتابنى،
ئۆگەنگەندە دەرسىمنى،
باشلىغاندا ئويۇننى،
دەيمەن ھامان بىسمىللاھ.

بىسمىللاھ دېيىش بىلەن،
يۈزلىنىمەن ئاللاھقا ،
قۇۋۋەت كىرەر قەلبىمگە.
ئاللاھ تۇتار قولۇمدىن،
بىسمىللاھنى چۈشۈرمەيمەن دىلىمدىن.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز: «كىم بىر ئىشنى ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىش بىلەن باشلىسا، ئۇ ئىش چوقۇم ياخشى ۋە بەرىكەتلىك بولىدۇ. ئاللاھقا شۈكۈر قىلماي تۇرۇپ باشلىغان ئىش بەرىكەتسىز ۋە چالا ئىش بولىدۇ» دېگەن. شۇڭا گۇناھ ۋە يامان ھېسابلانمايدىغان ھەرقانداق بىرەر ئىشنى قىلىشقا باشلىغاندا بىسمىللاھ بىلەن باشلاش ناھايىتى ياخشىدۇر.



سۆيۈملۈك باللار: سىلەرمۇ بىلىسىلەر، بىز مۇسۇلمانمىز، دىنىمىز ئىسلام، كىتابىمىز قۇرئاندۇر. بىزنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىمىز ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش، يەنى ئىشىنىش، ئۇنى ھەمىشە ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇشتۇر. شۇڭا ھەممە ئىشنى بىسمىللاھ بىلەن يەنى ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمىز، تاماق يېيىشتىن،

www.munber.org

سۇ ئىچىشتىن ئىلگىرى بىسمىللاھ دەيمىز، تاماق يەپ، سۇ ئىچىپ بولغاندىن كېيىن ”ئەلھەمدۇلىللاھ“ دەيمىز. بۇ ئارقىلىق بىزگە يەيدىغان ۋە ئىچىدىغان نېمەتلەرنى بەرگەن ئاللاھقا رەھمەت ئېيتقان، شۈكۈر قىلغان بولىمىز. دېمەك، ھەر بىر مۇسۇلمان ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا باشلىغاندا ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان بۇ سۆز ”بىسمىللاھ“ دېيىلىدۇ.

بىز بۇ سۆز بىلەن ”ئى ئاللاھ! سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن باشلىدىم، ھەممە ئىشىمنى ئاسان قىل، ماڭا ياردەم قىل، مېنى سەندىن ئايرىما، مېنى خاتا ئىش قىلىپ سېلىشتىن ساقلا! توغرا چۈشەنچە ئاتا قىل، قەلبىمگە ھۇزۇر ۋە خۇشاللىق بەرگىن، ئى ئاللاھ! دىنىمنى ۋە توغرا يولنى بىلىشنى ئارزۇ قىلىمەن. سېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇڭنى بىلىشنى، بۇيرۇقلىرىڭغا ئەمەل قىلىشنى ۋە مۇشۇ بويىچە ياشاشنى ئارزۇ قىلىمەن“ دېيىشكە تىرىشىمىز.

**ھېكايە:**

## گۈل مەلىكە

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاللاھنىڭ بەندىلىرى كۆپ ئىكەن، بىر مەملىكەتتە **14** كۈنلۈك تولۇن ئايدەك گۈزەل، كىچىك بىر مەلىكە بار ئىكەن، ئۇ ئىنتايىن گۈزەل ۋە ئاقكۆڭۈل بولغاچقا كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى ”گۈل مەلىكە“ دەيدىكەن.



بۇ مەملىكەتتە يەنە قارا نىيەت بىر جادىگەر بار ئىكەن، گۈل مەلىكەنىڭ نامىنى ئاڭلاپ، ھەسەت ئوتىدا چىدىيالماي قالغان جادىگەر: ”ئەجىبا قانداق قىلسام، بۇ پەرىشتىدەك گۈزەل قىزغا بىر قەست قىلالارمەن؟“ دەپ ئويلاپتۇ.

بىر كۈنى بۇ جادىگەر يەنە مۇشۇ خىيال بىلەن تۇرغاندا، كاللىسىغا بىر ئەقىل كەپتۇ ـ دە، دەرھال باغچىسىغا چىقىپ، باغچىدىكى يامانلىق گۈللىرىنىڭ ئۇرۇغلىرىنى يىغىپتۇ. مەلىكەنىڭ قول ئاستىدىكىلەردىن بىرى جادىگەرنىڭ خىزمەتچىسى ئىكەن، جادىگەر ئۇرۇغلارنى خىزمەتچىسىگە بېرىپ، بۇ ئۇرۇغلاردىن چاي قاينىتىشنى ۋە مەلىكەنىڭ باغچىسىدىكى گۈللەر ئېچىلغاندا، بۇ چاينى مەلىكەگە بېرىشنى تاپىلاپتۇ.

www.munber.org

ئەسلىدە بۇ يامانلىق ئۆرۈغى بولغانلىقى ئۈچۈن ئىنتايىن سېسىق پۇرايدىكەن، ئەمما ئۇ چاي دەل مەلىكەنىڭ باغچىسىدىكى گۈللەر ئېچىلغاندا، كىچىك مەلىكەگە بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن كىچىك مەلىكە ئۇ گۈلنىڭ سېسىق پۇرىقىنى سىزەلمەپتۇ. جادىگەرنىڭ خىزمەتچىسى يامانلىق ئۆرۈغدىن قايىنتىلغان چاينى ئۇنىڭغا سۇنغاندا گۈل مەلىكە:

- بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم، دەپ چاينى ئىچىپتۇ.



ئەسلىدە بۇ چاينى ئىچكەن كىشى سېسىق پۇرايدىغان تۈگە تىكىنىگە ئايلىنىپ قالىدىكەن، خىزمەتچى شۇملۇق بىلەن قاراپ، گۈل مەلىكەنىڭ تۈگە تىكىنىگە ئايلىنىشىنى ساقلاشقا باشلاپتۇ. ئەمما ئۇنداق بولماپتۇ. بىر قانچە مىنۇتتىن كېيىن، گۈل مەلىكەنىڭ بويىنى پىياز گۈلىگە، چاچلىرى نەركىس گۈلىگە، كۆزلىرى يېشىل يوپۇرماقلارغا، قوللىرى ئاق لالىلەرگە، بەدىنى باغچىدىكى شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك گۈللەرگە ئوخشاپ قاپتۇ. كۈلسە كۆزلىرىدىن قىزىل گۈللەر، ئاق چېچەكلەر، كۆك نەقشلەر تۆكۈلۈپتۇ، گەپ قىلسا ئاغزىدىن پىلپىل ئۇنۇپ چىقىپتۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە جادىگەرنىڭ خىزمەتچىسى، كۆكىرىپ، قارىداپ ئىنتايىن سەت بىر تىكەنگە ئايلىنىپ قاپتۇ. گۈل مەلىكەنى كۆرگەن ئىنسانلار خۇشاللىق بىلەن:

- ئىسمى گۈل مەلىكە ئىدى. ئۆزىمۇ گۈللەرگە ئوخشاپ قالدى، دېيىشىپتۇ.

گۈل مەلىكە ھەرقانداق ئىش قىلسا ''بىسمىللاھ'' دەپ باشلىغانلىقى ئۈچۈن، ئەتراپىدىكى يامانلىقلار ياخشىلىققا ئايلىنىپتۇ. ئاللاھ ئۇنى يامانلىقتىن ساقلاپتۇ.

قارانىيەت جادىگەر بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ، ئاچچىقىغا چىدىماي يېرىلىپ ئۆلۈپ قاپتۇ، جادىگەرنىڭ باغچىسىدىكى يامانلىق گۈللەرنىڭ ھەممىسى قۇرۇپ كېتىپتۇ.

كىچىك گۈل مەلىكە بولسا ''بىسمىللاھ'' بىلەن قارانىيەت جادىگەرنىڭ سۇيىقەستىدىن قۇتۇلغانلىقىنى چۈشىنىپ، ئاللاھقا شۈكۈر قىپتۇ. چوڭ بولۇپ، كېلىن بولغىچە، ئاندىن ئانا بولغىچە ۋە تاكى ئۆلگىچە بولغان ئارىلىقتا ''ئى ئاللاھ! مېنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلا'' دەپ دۇئا قىلىپتۇ، ئۇلۇغ ئاللاھ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىپتۇ.

ھېكايىمۇ بۇ يەردە تۈگەپتۇ.

www.munber.org

# ئاللاھقا ئىمان

بىز ئەتراپىمىزدا كۆرۈۋاتقان جانلىق ۋە جانسىز نەرسىلەرنى كىم ياراتتى؟

- دۇنيا ۋە دۇنيادىكى نەرسىلەرنى، ئاينى، يۇلتۇزنى، قۇياشنى ياراتقان، قانۇنىيەتلىك ئورۇنلاشتۇرغان ئاللاھ تائالادۇر.

سىز ئەمدى كىچىك بالا ئەمەس، توختىماستىن چوڭ بولۇۋاتىسىز، چوڭ بولۇپ راۋۇرۇس بىر ئىنسان بولىسىز، بوۋاقلارمۇ چوڭ بولۇپ، سىزگە ئوخشاش راۋۇرۇس بىر ئىنسان بولىدۇ. كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىزكى، ھېچيەردە، ھېچقانداق بىر نەرسىدە تۇرغۇنلۇق، توختاپ قېلىش يوق. ھەممە نەرسە ئۆزىنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ، ھەممە يەردە توغرا ۋە راۋان بىر قانۇنىيەت بار. بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ يەككە ـ يېگانە بىر ئىگىسى بار. ئۇ ئىگە بولسا شۈبھىسىز ئاللاھ تائالادۇر. قار ۋە يامغۇر ياغدۇرغان، ئۆلۈك تۇپراقلاردىن ئۈسۈملۈكلەرنى ئۆستۈرگەن ئاللاھ تائالادۇر. دالالارنى، دەرەخلەرنى يېشىللىققا پۈركىگەن ئاللاھ تائالادۇر. قويغا يېشىل ئوت يېگۈزۈپ ئاق سۈت چىقارغان ئاللاھ تۇر، جانلىقلارنىڭ بەزىسىنى دېڭىزدا ياشاتقان، بەزىسىنى ھاۋادا ئۇچۇرغان، بەزىسىنى يەر يۈزىدە ماڭدۇرغان ئاللاھ تائالادۇر.

- دۇنيانى، ئاينى، يۇلتۇزنى ۋە قۇياشنى كىم ياراتتى؟... ئاللاھ.

- يەرنى، تاغنى، ئاسماننى ۋە ھاۋانى كىم ياراتتى؟ .... ئاللاھ.

- سانسىز يۇلتۇزلارنى ئاسمانغا كىم ئېسىپ قويدى؟.... ئاللاھ.

- يامغۇرنى كىم ياغدۇردى؟... ئاللاھ.

- سىنى ۋە مىنى كىم ياراتتى؟... ئاللاھ.

- ئاتامنى ۋە ئانامنى كىم ياراتتى؟... ئاللاھ.



- ھايۋانلارنى ياراتقان كىم؟ ... ئاللاھ.

- ئۈسۈملۈكلەرنى ياراتقان كىم؟... ئاللاھ.

- كۆكتاتلارنى، مېۋىلەرنى ياراتقان كىم؟... ئاللاھ.

- بىزگە ۋە ھايۋانلارغا رىزىق ۋە نىمەت بەرگەن كىم؟...ئاللاھ.

- جانسىز تۇپراقلاردىن جانلىق ئۈسۈملۈكلەرنى چىقارغان كىم؟... ئاللاھ.

www.munber.org

- بىر يىلتىزدىن خىلمۇخىل گۈللەر ۋە خىلمۇخىل پۇراقلارنى چىقارغان كىم؟... ئاللاھ.

- تىرىكلەرنى ئۆلتۈرگەن كىم؟... ئاللاھ.

- پۈتۈن كائىناتنىڭ ئىگىسى كىم؟... ئاللاھ.

- ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچى، كۆرۈپ، ئاڭلاپ ۋە بىلىپ تۇرغۇچى كىم؟... ئاللاھ.

- ھەممە نەرسىگە رىزىق بەرگۈچى كىم؟... ئاللاھ.

- ھەرقانداق ئىشقا كۈچى يەتكۈچى كىم؟... ئاللاھ.

- ھەممە يەردە بار بولغان كىم؟... ئاللاھ.

- بارلىقنىڭ باشلىنىشى ۋە ئاخىرى بولمىغان كىم؟... ئاللاھ.

- ئوخشىشى (تەڭدىشى) ۋە شېرىكى بولمىغان كىم؟... ئاللاھ.

- باشقا بىر كىمگە موھتاج بولمىغان كىم؟ ... ئاللاھ.

- ئۆلمەس كىم؟ ... ئاللاھ.

- چەكسىز كۈچ - قۇدرەت ئىگىسى كىم؟... ئاللاھ.

- تۇغۇلمىغان ۋە تۇغمايدىغان كىم؟... ئاللاھ.

- بىزنى قوغدايدىغان ۋە ئەپۇ قىلىپ كەچۈرىدىغان كىم؟... ئاللاھ.

- بىزنى ياشاتقان كىم؟ ... ئاللاھ.

- رەببىڭ كىم؟... ئاللاھ.

- ئەڭ بۈيۈك ۋە ئەڭ گۈزەل كىم؟ ... ئاللاھ.

- ئەڭ ياخشى كۆرىدىغىنىمىز كىم؟... ئاللاھ.

- قىيىنچىلىقتا قالغاندا ياردەم سورايدىغىنىمىز كىم؟... ئاللاھ.

- قورققاندا پاناھ تىلەيدىغىنىمىز كىم؟ ... ئاللاھ.

- بىزگە ئۇزۇق بېرىپ چوڭ قىلغان كىم؟... ئاللاھ.

- بىزنى خېيىم - خەتەردىن ساقلىغان كىم؟... ئاللاھ.

- سەن كىمنىڭ بەندىسى؟ ... ئاللاھنىڭ.

﴿ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتتى، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى. يامغۇر سۈيى بىلەن سىلەرگە رىزىق قىلىپ نۇرغۇن مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردى. ئاللاھ سىلەرگە ئۆز ئەمرى بويىچە دېڭىزدا قاتنايدىغان كېمىلەرنى بويسۇندۇرۇپ بەردى. سىلەرگە دەريالارنى بويسۇندۇرۇپ بەردى. ئاللاھ سىلەرگە ئاي بىلەن كۈننى تەرتىپلىك دەۋر قىلىپ تۇرىدىغان قىلىپ بويسۇندۇرۇپ بەردى. سىلەرگە كېچە بىلەن كۈندۈزنى بويسۇندۇرۇپ بەردى﴾ [سۈرە ئىبراھىم 32 - ، 33 - ئايەت].



www.munber.org

﴿ئاللاھ كېچىنى ۋە كۈندۈزنى، كۈننى ھەم ئاينى ياراتتى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى (ئۆزگە خاس) پەلەكتە سەير قىلىدۇ﴾ [سۈرە ئەنبىيا 33 ـ ئايەت].

﴿ئاللاھ بىرەر شەيئىنى (يارىتىشنى) ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا: «ۋۇجۇتقا كەل» دەيدۇ ـ دە، ئۇ ۋۇجۇتقا كېلىدۇ﴾ [سۈرە ياسىن 82 ـ ئايەت].



## ئاللاھ سۆيگۈسى



كىم چىقىرار تاڭ ئاتقاندا ئەتىگەن،
بۇ دۇنيانى نۇرلاندۇرغان قۇياشنى؟
كېچە ۋاقتى دېڭىزلارنى يورۇتۇپ،
ئاي تۇغدۇ، كىم قىلدۇ بۇ ئىشنى؟

قىشتا قۇرۇپ قاقشال بولغان شاخلارنى،
باھاردا كىم ـ يېشىللىققا پۈركەيدۇ؟
بۇلبۇل ئۆتەر، ئۇۋا ياسار ئورمانغا،
بۇ تۇيغۇنى ئۇنىڭغا كىم بېرىدۇ؟

www.munber.org

ئانىڭغا سۆيگۈ ـ مېھىر ھېسسىنى،
ئۇنىڭ روھقا شىپا شۇ ئاۋازىنى،
قەلبىڭىزگە توغرا تەلىم بېرىشنى،
كىم بېرىدۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى؟

ۋەتەن، مىللەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتىڭ،
ئۇ سۆيگۈنى دىلىڭغا كىم سالدى؟
داداڭدىن ياخشى نەرسە سوراشقا،
دىللىرىڭغا كىم قويىدۇ بۇ ئۈمىدنى.

ئاخشام كېچە قاراڭغۇلۇق ئىچىدە،
مىليونلارچە يۇلتۇزنى كىم چاقنىتىدۇ؟
ئويلا، پۈتۈن بۇ ئىشلارنى ياراتقان،
ئىلاھىمىز، مەبۇدىمىز ئاللاھتۇر.

ھەق سۆيگىسى توشسۇن بۇ ۋىجدانلار،
شۇنداق قىلسا خۇرسەن بولۇر ئىنسانلار.



## ئىمان

ـ دىنىڭ نېمە؟

ـ دىنىم ئىسلام.

ـ سەن مۇسۇلمانمۇ؟

ـ ھەئە، مەن مۇسۇلمان، ئەلھەمدۇلىللاھ.

ـ ئەلھەمدۇلىللاھ دېگەن نېمە؟

ـ ماختاش، مەدھىيە، رەھمەت ئاللاھقا ئائىتتۇر دېگەنلىكتۇر.

ـ سەن قاچاندىن باشلاپ مۇسۇلمان؟

www.munber.org

- ”قالۇ بەلا“ دىن باشلاپ مۇسۇلمان، ئەلھەمدۇلىللاھ.

- ”قالۇ بەلا“ دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟

- ئۇلۇغ ئاللاھ دۇنيانى يارىتىشتىن ئىلگىرى، كەلگۈسىدە دۇنيادا ياشىماقچى بولغان بارلىق ئىنسانلارنىڭ روھلىرىنى ياراتقان، ئۇلارنى ئىلاھىي ھۇزۇرىغا چاقىرىپ، ئۇلارغا:

- ”ئەلەستۇ بى رەببىكۇم“ (مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار ئەمەسمۇ؟) دەپ سورىغان. روھلار:

- ”شۇنداق، سەن بىزنىڭ رەببىمىز“ دېگەن، ”پەقەت ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز“ دەپ ۋەدە بەرگەن، بۇ ۋەدە بېرىلگەن ۋاقىت ”قالۇ بەلا“ زامانى دەپ ئاتىلىدۇ.

ھەرقانداق كىچىك بالا يارىتىلغاندا مۇسۇلمان يارىتىلىدىغان بولۇپ، چوڭ بولغاندا ئاتا - ئانىسى ياكى چوڭلارنىڭ تەسىرىدە باشقا بىر دىنغا كىرىپ كېتىشى مۇمكىن.

- قانداق قىلسا مۇسۇلمان بولغىلى بولىدۇ؟

- كەلىمە تەۋھىد ۋە كەلىمە شەھادەتنى ئېيتىش ۋە ئۇنىڭغا چىن دىلىدىن ئىشىنىش ئارقىلىق مۇسۇلمان بولغىلى بولىدۇ.

- ”كەلىمە تەۋھىد“ نى چۈشەندۈرۈپ بەرسىڭىز؟

- كەلىمە تەۋھىد: ”لائىلاھە ئىللەللاھ، مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ“ دېيىشتۇر. مەنىسى: بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ (مەبۇد) يوقتۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ رەسۇلىدۇر (يەنى ئەلچىسىدۇر)“.

يەنى، لائىلاھە: باشقا ئىلاھ يوق، ئۆزىنى ئۆزى ئىلاھلاشتۇرغانلارنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىم ۋە قەلبىمدىن بۇلارنى پاك - پاكىزە چىقىرىۋېتىدىغانلىقىم توغرىسىدا ئاللاھقا ۋەدە قىلىمەن. قەلبىمنى يالغۇز بىر ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ دىنىغا تەييارلىدىم. چۈنكى، ئاجىز ئۇل ئۈستىگە مەزمۇت بىنا سالغىلى بولمىغاندەك، پاسكىنا قەلبكە پاك ئاللاھ ئېتىقادى يەرلەشمەيدۇ.

ئىللەللاھ: پەقەت ئاللاھقىلا ئىشىنىمەن، باتىل (ساختا) ئىلاھلارنى رەت قىلغاندىن كېيىن يالغۇز ئاللاھنى ئىلاھ دەپ قوبۇل قىلدىم.

مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ: مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر، پەيغەمبىرىدۇر. ”رەببىمگە قىلىدىغان ئىبادەتلىرىمنى بىدئەتلەر (كېيىن دىنغا قوشۇلغان ئويدۇرمىلار) غا ئاساسەن ئەمەس، بەلكى ئاللاھ ”قۇرئان كەرىم“ دە كۆرسەتكەن، ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۆگەتكەن ۋە پەيغەمبىرىمىز بىزگە كۆرسەتكەن شەكىلدە قىلىدىغانلىقىم توغرىسىدا ئاللاھ تائالاغا ۋەدە قىلىمەن...“ دېگەنلىكتۇر.

ئاللاھنى تەڭرى دېيىشكە بولمايدۇ. ئاللاھتىن باشقا ھەرقانداق باتىل تەڭرى ۋە ئىلاھلار ئاللاھ سۆزى بىلەن ئاتالمىغان ۋە مەبۇد (ئىبادەت قىلىنغان) دەپمۇ قوبۇل قىلىنمىغان. ئاللاھ دېگەن سۆزنى تەڭرى دەپ تەرجىمە قىلىشقا بولمايدۇ.

- كەلىمە شاھادەتنى چۈشەندۈرۈپ بەرسىڭىز؟

- كەلىمە شاھادەت: ”ئەشھەدۇئەن لائىلاھە ئىللەللاھ ۋە ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدۇن ئابدۇھۇ ۋە رەسۇلۇھۇ“ دۇر.

www.munber.org

مەنىسى: گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ ـ مەبۇد، يوقتۇر. يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرىدۇر.

## ئىنسانلار ئېتىقاد جەھەتتىن ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ




1 ـ مۆمىن: ئىسلامنى دىن دەپ تاللىغان، ئىماننىڭ شەرتلىرىنى تىلىدا سۆزلەپ، قەلبىدە قوبۇل قىلغان كىشى.

2 ـ كاپىر: ئىسلامنى دىن دەپ قوبۇل قىلماي، ئاشكارا ئىنكار قىلغان كىشى.

3 ـ مۇناپىق: ئېغىزدا مۇسۇلمان بولدۇم دەپ، دىلىدا ئىسلامنى قوبۇل قىلمىغان ئىككى يۈزلىمچى.

ـ ئىماننىڭ شەرتلىرى (ئامەنتۇ) نى دەپ بەرسىڭىز؟

ـ ئامەنتۇ بىللاھى ۋە مەلائىكەتىھى ۋە كۇتۇبىھى ۋە رۇسۇلىھى ۋەليەۋمىل ئاخىرى ۋە بىلقەدىرى خەيرىھى ۋە شەررىھى مىنەللاھى تائالا ۋەلبەئىس بەئدەلمەۋت ھەققۇن ئەشھەدۇ ئەنلائىلاھە ئىللەللاھ ۋە ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن ئەبدۇھۇ ۋە رەسۇلۇھۇ.

بۇنىڭ قىسقىچە مەنىسى نىمە؟

1 ـ ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش.

2 ـ پەرىشتىلەرگە ئىمان ئېيتىش.

3 ـ كىتابلارغا ئىمان ئېيتىش.

4 ـ پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتىش.

5 ـ ئاخىرەت كۈنىگە ۋە ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە ئىمان ئېيتىش.


6 ـ تەقدىرگە (ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەنلىكىگە) ئىمان ئېيتىش.

www.munber.org

# ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلىقىنى قانداق بىلەلەيمىز؟

ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئەقلىمىزنى ئىشلىتىش، ئەتراپىمىزنى كۆزىتىش، ئۆسۈملۈكلەر، ھايۋانلار، يەر ۋە ئاسمانىنىڭ قانداق يارىتىلغانلىقىنى تەپەككۇر قىلىش، شۇنداقلا "قۇرئان كەرىم" نى ئوقۇش ئارقىلىق بىلەلەيمىز.

بىز ئوقۇغان ھەرقانداق بىر كىتابنىڭ بىر ئاپتورى بار. ھەرقانداق بىنانىڭ بىناكارى بار. گۈزەل بىر رەسىم ئۇستا بىر رەسسامنىڭ ئەسىرىدۇر. بىر دوستىمىز بىزگە مەكتۇپىمىزنىڭ ئۆزلىكىدىن مەيدانغا كەلگەنلىكىنى ئېيتسا نېمە دەيسىز؟ بۇ جاۋاب بىمەنە بولغاچقا كۈلگىڭىز كېلىدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟



www.munber.org

- ئويلاپ كۆرەيلى!

- هەيۋەتلىك بىر قارىغاي ئەسلىدە كىچىككىنە بىر تال ئۇرۇقچا ئىدى... بۇ ئۇرۇقچا تۇپراقتا كۆمۈلدى ۋە بىخلاندى. ئاخىرىدا چوڭايدى ۋە هەيۋەتلىك بىر دەرەخ بولدى... دېمەك، كىچىككىنە ئۇرۇقچا ئىچىدە هەيۋەتلىك بىر قارىغاينىڭ پىلانى، پروگراممىسى بارئىكەن.

ئۇنداقتا ئۇرۇقچا ئىچىگە بۇ پروگراممىنى كىم قويىدى؟

- سىياھ بېلىق دۈشمەنلىرىگە قارشى قوغدىنىش ئۈچۈن، سۇغا سىياھ چېچىپ سۇنى بۇلغايدۇ.

- ئۇنداقتا ئۇنىڭغا بۇنداق قىلىشنى كىم ئۆگەتكەندۇ؟

- سىياھ بېلىقى سىياھنى قەيەردىن ئالىدىغاندۇ؟...

توكنى ئىنسان تاپتى، ئاتومنى ئىنسان تاپتى، كومپيوتېرنىمۇ ئىنسان بايقاپ ياساپ چىقتى.

- ئۇنداقتا ئۇنى كىم تاپتى ۋە ئىنسانلىق شەكلىدە كىم ياسىدى؟...

هېكايە:


# ئاللاھنى ئىزدىگەن بالا

بۇرۇنقى زاماندا، بابىل دۆلىتىدە ئىبراھىم ئىسىملىك ئەقىللىق ۋە ئەخلاقلىق بىر بالا بولغان ئىكەن. ئىبراھىم كىچىك چاغلىرىدا دادىسىنىڭ، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ۋە خەلقىنىڭ ئاللاھقا ئەمەس، بەلكى تاشلاردىن، دەرەخلەردىن بۇتلارنى (ھەيكەللەرنى) ياساپ، ئۇلارغا ئىبادەت قىلىشۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئىنسانلارنىڭ بۇ جانسىز ۋە ئاجىز بۇتلارنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ، ئىبادەت قىلىشى ئىبراھىمنىڭ كاللىسىدىن پەقەت ئۆتمەپتۇ.


ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىبراھىمنىڭ دادىسىمۇ داڭقى چىققان بۇت ياساش ئۇستىسى ئىدى. بۇ سەۋەبتىن ئىبراھىم ھەركۈنى ئىبادەتخانىلارنى ئارىلايتتى ۋە كەمبەغەل ئىنسانلارنىڭ يېپىشكە قۇربىمۇ يەتمەيدىغان نازۇ-نېمەتلەرنى بۇتلارنىڭ ئالدىغا تىزىپ قويغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئەقلىگە ۋە ئېتىقادىغا ھەيران قالاتتى.

- ”بۇ بۇتلار ئەسلى مېنىڭ كۆز ئالدىمدا تاش ۋە ياغاچتىن ياسالغان تۇرسا، بۇلار قانداقسىگە ئىلاھ بولۇپ قالدى؟! ئىلاھنى ئىنسانلار ياسامدۇ ياكى ئىلاھ ئىنسانلارنى يارىتامدۇ؟ دەپتۇ ۋە بۇ ھەقتە ئىزدىنىشكە باشلاپتۇ...

ww.munber.org



www.munber.org



بىر كۈنى ئىبراھىم دالاغا چىقىپتۇ، يول يۈرۈپ ھېرىپتۇ ۋە بىر دەرەخنىڭ ئاستىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ:

-''مېنى ۋە بۇ دۇنيانى كىم ياراتقان؟ ئۇنى قانداق قىلسام كۆرەلەيمەن؟'' دەپ ئويلىغان پېتى ھارغىنلىقتا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. كېچىنىڭ سوغۇقىدا ئويغانغان ئىبراھىم كۆزىنى ئېچىپ ئاسماندا پارلاپ نۇر چېچىپ تۇرغان بىر نۇرلۇق چولپان يۇلتۇزنى كۆرۈپتۇ - دە:

-''مەن ئۇنى تاپتىم!'' دەپ خۇشاللىق بىلەن ۋاقىراپتۇ، ''مېنىڭ ئىلاھىم بۇ، ئۇ باشقا بارلىق يۇلتۇزلاردىن چوڭ'' دەپتۇ ۋە ھاياجان بىلەن قاراشقا باشلاپتۇ...

ئەمما ئۇنىڭ بۇ خۇشاللىقى ئۇزۇن داۋام قىلماپتۇ، پارلاق نۇر چاچقان بۇ يۇلتۇز پېتىپ كېتىپتۇ، يۇلتۇزنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن ئىبراھىم:

''ياق، بۇ مېنىڭ ئىلاھىم ئەمەس، ئۇ يوق بولدى، مەن يوق بولمايدىغان بىر ئىلاھنى ئىزدەيمەن'' دەپتۇ ۋە كۆڭلى يېرىم ھالدا يەنە ئىزلەشكە باشلاپتۇ.

بىر دەمدىن كېيىن ئەتراپنى يورۇتۇپ گۈزەل تولۇنئاي ئاسماندا پەيدا بولۇپتۇ، ئىبراھىم يەنە ھاياجانلىنىپ:

''ئەمدى تاپتىم'' دەپ سۆيۈنۈپتۇ ۋە ئايغا ھاياجان بىلەن سەپسىلىپ قاراشقا باشلاپتۇ...

ئەمما بۇ خۇشاللىقمۇ ئۇزۇنغا بارماپتۇ، بىر مۇددەتتىن كېيىن ئايمۇ غايىپ بوپتۇ، ئىبراھىم ئاينىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ يەنە كۆڭلى يېرىم بوپتۇ ۋە:

-''ياق! بۇنداق پەيدا بولۇپ يوقالغان، مېنى قاراڭغۇلۇقتا تاشلاپ قويغان نەرسىلەر مېنىڭ تەڭرىم بولالمايدۇ'' دەپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەن بالدۇر ئويغانغان ئىبراھىم يەنە ئاللاھنى ۋە ئۇنى نەدىن ئىزدەپ تېپىشنى ئويلاپتۇ.

www.munber.org

دەل شۇ چاغدا كۈن چىقىشقا باشلاپتۇ، قۇياش خۇددى بىر ئوت پارچىسىغا ئوخشاش، قاراڭغۇلۇقنى قوغلاپ تۇغۇلۇۋاتاتتى. ئىبراھىم قۇياش نۇرى ۋە ئۇنىڭ چوڭلۇقىنى كۆرۈپ:

- ”مانا مېنىڭ ئىلاھىم... مەن ئىزدىگەن تەڭرى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى بۇ ئەڭ چوڭ، بۇ نۇر ۋە ئىسسىقلىق تارقىتىۋاتىدۇ، ھەم دۇنيانى يورۇتىۋاتىدۇ. شۇنداق، مەنمۇ ئاخىرىدا ئىلاھىمنى تاپتىم“ دەپ شاتلىنىپتۇ.

ئىبراھىم خۇشاللىقتا يۈگۈرۈپتۇ، ھەممە يەرنىڭ نۇرغا پۈركەنگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ، ھارارىتىنى ھېس قىپتۇ، يۈزىنى داۋاملىق قۇياش تەرەپكە قارىتىپتۇ ۋە مۇنداق ۋاقىراپتۇ:

”سېنى تاپتىم ئى ئىلاھىم! سېنى تاپتىم...“

ئىبراھىمنىڭ بۇ خۇشاللىقمۇ ئۇزۇنغا بارماپتۇ، چۈنكى قۇياش ئاستا - ئاستا غەربكە قاراپ سىرىلىشقا باشلاپتۇ. غەرب تەرەپكە سىرىلغەنسېرى قۇياشنىڭ نۇرىمۇ ئاجىزلاشقا باشلاپتۇ. ئاخىرى قۇياش ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىدىن يىراقلاپ، تاغنىڭ ئارقىسىدا غايىب بوپتۇ، پۈتۈن دۇنيا قاراڭغۇلۇققا چۆكۈپتۇ، ئىبراھىم يەنە يالغۇز قاپتۇ.

بۇ چاغدا ئۇ ئۆز - ئۆزىگە شۇنداق دەپتۇ:

”مەن ئەمدى ئاللاھنى تاپتىم، بۇتلار، يۇلتۇز، ئاي ۋە قۇياشنىڭ ھېچقايسىسى ئاللاھ ئەمەس، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ياراتقان ئۇلۇغ ۋە قۇدرەتلىك بىر ئاللاھ باردۇر. مەن كۆرگەن نەرسىلەرنى ئۇ ئاللاھ ياراتقاندۇر. ئەمما مەن ئۇنى كۆرەلمەيمەن، لېكىن ھەممە يەردە ئۇ بار، ھەر قانداق نەرسىنى يارىتىشقا پەقەت ئۇنىڭلا كۈچى يېتىدۇ. ئەمما مەن ئۇنى كۆرەلمەيمەن. ئەمدى مەن ئۇنىڭغا ئىشىنىمەن ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىمەن!“ دەپ سەجدە قىپتۇ، ئاللاھنى تونىغانلىقىغا شۈكۈر قىپتۇ...


www.munber.org



## ئىمام ئەزەم ئەبۇھەنىيفەنىڭ ”ئاللاھ يوق“ دېگەن بىر زىيالىيغا بەرگەن جاۋابى

بىر چاغلاردا باغداتتا مۇسۇلمانلارنىڭ بۈيۈك ئالىملىرىدىن ئىمام ئەزەم ئەبۇھەنىيفە ئىسىملىك بىر زات ياشىغان ئىكەن. ئۇ دۇنياغا مەشھۇر بىر ئالىم ئىكەن، كۆپ تالىپ يېتىشتۈرگەن ۋە ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان ئىكەن.

شۇ كۈنلەردە ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيدىغان باشقا بىر زىيالىيمۇ بار بولۇپ، ئۇ بارغانلىكى يېرىدە ئالىملار بىلەن ئاللاھنىڭ مەۋجۇت ياكى ئەمەسلىكى ھەققىدە تالاش ـ تارتىش قىلىدىكەن.



بۇ دىنسىز زىيالىي ئەبۇھەنىيفەنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر مۇنازىرىلىشىپ بېقىشنى ئويلاپتۇ ۋە بۇ مەقسەتتە باغداتقا كەپتۇ، ئەبۇھەنىيفەنى تېپىپ، ئۇنىڭ بىلەن ”ئاللاھ بارمۇ، يوقمۇ؟“ دېگەن تېمىدا مۇنازىرىلىششكە باشلاپتۇ. ئەبۇ ھەنىيفە ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەپتۇ ۋە ئەتىسى مۇشۇ سائەتتە مۇشۇ يەردە كۆرۈشۈشنى، سوئالىغا شۇ چاغدا جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

www.munber.org

ھەممەيلەنگە مەلۇمكى، باغدات شەھرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان دىجلە دەرياسى شەھەرنى ئىككىگە ئايرىغان ئىدى.

ئەتىسى ئەبۇھەنىفە دېيىشىپ قويغان يەرگە دەل ۋاقتىدا كەلمەپتۇ. دىنسىز زىيالى ساقلاۋېرىپ زېرىكىپتۇ. ئەمدى كېتەي دەپ تۇرىشىغلا ئەبۇ ھەنىفە يېتىپ كەپتۇ. دىنسىز زىيالى ئەبۇھەنىفىگە:

نېمىشقا كېچىكتىڭ؟ مەن بىلەن مۇنازىرىلىشىشتىن قورقتۇڭمۇ ـ يا؟ دەپتۇ. ئەبۇ ھەنىفە بۇ گەپلەرگە كۈلۈپ تۇرۇپ:

ياق، قورقمىدىم، لېكىن مېنىڭ دەريانىڭ ئۇ ياقىسىدا ئولتۇرىدىغانلىقىمنى سەنمۇ بىلىسەن، كېچە دەريادىكى كۆۋرۈكنى بوران ئۇچۇرۇپ كېتىپتۇ. مەن ئالدىرىغانلىقىم ئۈچۈن كۆرۈك سالىدىغان ئۇستا ۋە بىناكارلار يوق ھالدا دەرھال بىر كۆۋرۈك سېلىنىشىنى ئارزۇ قىلدىم ـ دە، ئۇ يەردىكى دەرەخلەرگە ۋە تاشلارغا:

ـ ئى دەرەخلەر ۋە تاشلار! دەرھال مەن ئۈچۈن بىر كۆۋرۈك بولۇڭلار! دەپ بۇيرۇق قىلدىم، ئارزۇ قىلغىنىم ئۆزلىكىدىن ھاسىل بولدى. ئەمما بۇنىڭغا بىر ئاز ۋاقىت كەتتى. مەن ئۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتتۈم. ئىشقىلىپ كېچىككەن بولسامۇ، ھازىر بۇ يەرگە كېلىشىم، دەپتۇ.

دىنسىز زىيالىي قاقاھلاپ كۈلۈپ:

ـ ئى خالايىق! مۇشۇمۇ سىلەرنىڭ ئالىمىڭلار؟ بىناكار، قۇرۇلۇشچىسى لايىھەلەپ سالمىغان كۆۋرۈك قانداقسىگە ئۆزلىكىدىن پەيدا بولۇپ قالسۇن؟ بۇنىڭغا ئىشىنىش ئەخمەقلىق ئەمەسمۇ؟! دەپتۇ. ئەبۇ ھەنىفە:

ـ ئى ئەقىلسىز! ”بىر كۆۋرۈك ئۆزلىكىدىن پەيدا بولمايدۇ“ دەيدىكەنسەنۇ، بۇ كائىنات بىر ياراتقۇچىسىز قانداقمۇ ئۆزلىكىدىن پەيدا بولسۇن؟ بۇ دۇنيادا بىر تال يوپۇرماقمۇ ئۆزلىكىدىن مىدىرلاپ قويمايدۇ. ھەممە نەرسىنىڭ بىر سەۋەبىنىڭ بار ئىكەنلىكىگە يەنىلا ئەقلىڭ يەتمىدىمۇ سېنىڭ؟... دەپ، دىنسىز زىيالىنى جاۋاب بېرىشكە قىستاپتۇ، دىنسىز زىيالىي:

ـ بۇنىڭغا قايىل بولدۇم، ئەمدى ئاللاھنى كۆرسەت، بىز ئىشىنەيلى! دەپتۇ. ئەبۇ ھەنىفە بىر پىيالە سۈتنى ئېلىپ:

قېنى سۆزلە زىيالى! قايماق بىلەن قېتىق نېمىدىن ياسىلىدۇ؟ دەپتۇ، زىيالىي:

نېمىدىن ياسىلاتتى؟ ئەلۋەتتە سۈتتىن ـ دە، دەپتۇ.

ـ ئۇنداقتا بۇ سۈتنىڭ ئىچىدىكى قايماق بىلەن قېتىقنى ماڭا كۆرسىتەلەمسەن؟

ـ سۈتنىڭ ئىچىدە قايماق بىلەن قېتىق تەركىبى ئەلۋەتتە بار. ئەمما كۆرۈنمەيدۇ، كۆرەلمەيمىز.

ـ ئۇنىڭ ئىچىدىكى قايماق بىلەن قېتىقنىڭ كۆرۈنمەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدىكەنسەنۇ، ئەجەپ ئۇلۇغ ياراتقۇچى ئاللاھنى كۆرگىلى بولمايدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدىكەنسەنغۇ؟ سۈت ئىچىدە قايماق بىلەن قېتىق تەركىبى بار. ئەمما كۆرەلمەيسەن، خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، ئاللاھ بار. ئەمما كۆرەلمەيسەن، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ، ئەبۇ ھەنىفە.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان دىنسىز زىيالىي خاتالىقىنى تونۇپتۇ. بۇ دۇنيانى ياراتقۇچىنىڭ بار ئىكەنلىكىگە ۋە كۆرۈنمەيدىغانلىقىغا ئەقلى يېتىپتۇ، كەچۈرۈم سورىغان ھالدا ئىلگىرىكى پىكرىدىن ۋاز كېچىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلىقىغا ۋە بىرلىكىگە ئىمان ئېيتىپتۇ.

www.munber.org



www.munber.org

# ئاللاھ بىزنى نېمە قىلىشقا چاقىرىدۇ؟

ئاللاھ بىزنى ئەتراپىمىزغا قاراپ، ئەقلىمىزنى ئىشلىتىپ تەپەككۇر قىلىشقا چاقىرىدۇ. قۇرئان: ”تەپەككۇر قىلمامسىلەر؟“، ”ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟“ دەپ بىزنى ئويغاتماقتا.

”ھەر نەرسىنى بىرى ياسىغان دەپ ئويلىغاندا، بۇ كائىناتمۇ ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولمىغان، كائىناتتىكى بىزنى ھەيرانلىقتا قويغان قائىدە ـ قانۇنىيەتلەر تاساددىپىي بار بولۇپ قالغان ئەمەس. ئىنچىكە تەڭپۇڭلۇقلار ئۆزلۈكىدىن ھاسىل بولالمايدۇ. بۇ ئالەمنىڭ بىر ئىگىسى، بىر ياراتقۇچىسى بار“ دەپ ئەقلىمىزنى ئىشلىتىپ، ياراتقۇچىنى تونۇش ئۈچۈن تەپەككۇر قىلىشقا چاقىرىدۇ.

”بىلگەنلەر بىلەن بىلمىگەنلەر باراۋەر ئەمەس“ دېيىش ئارقىلىق، بىزنى ئۆگىنىشكە، ئۆگەنگەنلىرىمىز بىلەن ياخشى ۋە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشقا، ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىدۇ.

بىزگە توغرا يولنى كۆرسىتىپ، مەڭگۈ قالىدىغان يەر جەننەتكە چاقىرىدۇ.

# ئاللاھ بار ئىكەن، بىز ئۇنى نېمىشقا كۆرەلمەيمىز؟

شۇنداق، ئاللاھ ھەقىقەتەن باردۇر ۋە بىردۇر، بىز ئۇنى كۆرەلمەيمىز. ئەمما ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلالايمىز. دۇنيادا مەۋجۇتلۇقىنى بىلگىلى بولىدىغان، ئەمما ئۆزىنى كۆرگىلى بولمايدىغان نۇرغۇن نەرسىلەر بار. مەسىلەن: ھەممەيلەنگە مەلۇمكى، توكنى كۆرگىلى بولمايدۇ، ئەمما ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىر ئەمەلىيەتتۇر. مۇشۇنىڭغا ئوخشاشلا، سۈتنىڭ ئىچىدە قايماق ۋە قېتىقنىڭ بارلىقىنى كۆرەلمەيمىز، ئەمما سۈتتىن بۇ نەرسىلەرگە ئېرىشەلەيمىز. ئاندىن يەنە دەرت ھەسرەت، ئاغرىق، سۆيگۈ، خۇشاللىق، ئەقىل... قاتارلىقلارنى كۆرەلمەيمىز. تۇتالمايمىز. ئەمما بۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن گۇمان قىلىپ يۈرمەيمىز. دېمەك، ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلىقىمۇ مۇشۇنداقتۇر. بىز ئاللاھنى كۆرەلمەيمىز. ئەمما ئاللاھ باردۇر ۋە بىزنى ھەمىشە كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. ئاللاھ ھەممە نەرسىنى كۆرىدۇ، بىلىدۇ ۋە ئاڭلايدۇ، ئۇنىڭ بىلىمىنىڭ چېكى يوق. ئاللاھ بىز كۆرگەن - كۆرەلمىگەن، چۈشەنگەن - چۈشىنەلمىگەن ھەممە نەرسىنى بىلىدۇ.


﴿ئاسمانلاردا زېمىندا (ئىبادەت قىلىنىشقا تېگىشلىك) ئاللاھ ئەنە شۇدۇر. ئۇ سىلەرنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشىڭلار، (ياخشى - يامان) قىلمىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ﴾ [سۈرە ئەنئام 3 - ئايەت].

﴿قۇرۇقلۇقتىكى، دېڭىزدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ، (دەرەختىن) تۆكۈلگەن ياپراقتىن ئاللاھ بىلمەيدىغان بىرەرسىمۇ يوق، مەيلى قاراڭغۇ يەر ئاستىدىكى بىرەر دانە ئۇرۇق بولسۇن﴾ [سۈرە ئەنئام 59 - ئايەتنىڭ بىر قىسمي.

﴿... ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلغان ئەمەلىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾ [سۈرە بەقەرە 110 - ئايەت].

﴿ئاللاھ ھەقىقەتەن ئاڭلىغۇچىدۇر كۆرگۈچىدۇر﴾ [سۈرە مۇجادىلە 1 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى].

ھەقىقەتەن كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان، پەقەت مىكروسكوپتىلا كۆزەتكىلى بولىدىغان بىر تال زەررە،



مالېكۇلىدا "ئېلېكترون، پروتون، نېترون، فوتون" ئوخشاش تەركىبلەر يارىتىپ، ئۇنىڭغا ھەرىكەت قابىلىيىتىنى ئاتا قىلىشقا ئۇلۇغ ئاللاھتىن باشقا كىم قادىر بولالىسۇن؟

ئىنسانلارغا نېمەت قىلىپ بېرىلگەن نەچچە يۈز خىل گۈل، مېۋە، كۆكتات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئەسلى بىر قۇياشتىن ئىسسىقلىق ئېلىپ، ئوخشاش سۇدىن تەمىنلىنىپ، ئوخشاش تۇپراقتىن ئوزۇق ئېلىپ، ئوخشاش ھاۋادىن نەپەس ئالغان تۇرۇقلۇق، رەڭگىنىڭ، تەمىنىڭ، پۇرىقىنىڭ، لەززىتىنىڭ خىلمۇخىل بولۇشى قاتارلىقلاردىن ئىبرەت، دەرس ئالماسلىق، ئۇنى ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلىقىغا، ئۇلۇغلىقىغا دەلىل قىلماسلىق، پەقەت غاپىللىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

www.munber.org

# سۈتكە سۇ قوشمىغان ۋە ھەزرىتى ئۆمەرنى يىغلاتقان قىز

ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپە بولغاندىن كېيىن، پات ـ پات كېيىمنى ئالماشتۇرۇپ، پۇقراچە ياسىنىپ خەلقىنىڭ ئارىسىغا بېرىپ، پۇقرالارنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى ئىگەللەيتتى. ئۇ مەلۇم بىر كېچىسى مەدىنە كوچىلىرىنى ئارىلاپ تاڭ ئاتارغا يېقىن ھېرىپ كېتىپ، بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ، ئۆينىڭ ئىچىدىكى گەپ ـ سۆزلەر سىرتقا ئاڭلىنىپتۇ، ئۆينىڭ ئىچىدە بىر ئايال:

”قىزىم، تېز ئورنۇڭدىن تۇر، سۈتچى كېلىپ بولغىچە، سۈتكە بىر ئاز سۇ ئارىلاشتۇرىۋەت“ دەپ قىزنى ئويغىتىۋاتاتتى. قىز ئانىسىغا:

”ئانا، بۇ گەپ ئاغزىڭدىن قانداق چىقتى؟ خەلىپە ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ سۈتكە سۇ ئارىلاشتۇرۇشنى مەنئىي قىلغانلىقىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟“ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئانىسى:

”تۇۋۋا قىزىم! خەلىپە ئۆمەر ھازىر كۆرپىسىدە راھەت ئۇخلاۋاتىدۇ. بىزنىڭ سۈتكە سۇ ئارىلاشتۇرغانلىقىمىزنى قانداق بىلسۇن“ دەپتۇ. قىز قەتئىي بىر ئاھاڭدا:

”خەلىپە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇخلىغان بىلەن، ئاللاھ ئۇخلامدۇ؟ ئاللاھ بىزنى كۆرىدىغۇ، قىلغىنىمىزنى بىلىدىغۇ؟!“ دەپتۇ. ئانىسى قىزغا دېگۈدەك گەپ تاپالماپتۇ، خاتالىقىنى چۈشىنىپ، قىلغان گېپىگە پۇشايمان قىپتۇ ۋە تەۋبە قىلىپتۇ.

بۇ گەپلەرنى سىرتتا تۇرۇپ ئاڭلاپ قالغان ھەزرىتى ئۆمەر تەسىرلىنىپ يىغلاپ كېتىپتۇ. چۈنكى ئۇ قەدەر گۈزەل، ئىمانى بار بىر ئەۋلاد ياشلار يېتىشتۈرۈلۈۋاتقان ئىدىكى ئاللاھقا بولغان سۆيگۈ، قورقۇش بۇ ياشلارنى يامان ئىشلاردىن چەكلەۋاتاتتى. ھەزرىتى ئۆمەر بولسا، مۇشۇ خىل ياشلارنىڭ يېتىشىپ چىققانلىقىدىن خوش بولۇپ، ئاللاھقا شۈكۈر قىلىپ، خۇشاللىقىدا، يىغلىغان ئىدى.

ھەزرىرىتى ئۆمەر ئۇدۇل ئۆيگە قايتىپتۇ. سەھەردە قىلغان تۈنجى ئىشى، ”ئاللاھ ھەمىشە بىزنى كۆرۈپ تۇرىدۇ“ دەپ سۈتكە سو قوشمىغان قىزنى ئوغلى ئاسىمغا ئېلىپ بەرمەكچى بولۇپ، ئەلچىلىككە بېرىش بوپتۇ. بۇ قىز ”ئىككىنچى ئۆمەر“ دەپ ئاتالغان ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ ئانىسىنىڭ ئانىسى بولۇپتۇ. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ ئادىل، ۋە دۇرۇست ئىدارە قىلىشى بىلەن دۆلەت ئىنتايىن ئاۋاتلىشىپتۇ ۋە تەرەققىي قىلىپتۇ. ھەتتا خەلق ئۇ قەدەر باي بولۇپ كېتىپتۇكى بېرىلگەن زاكاتنى ئالغىدەك كەمبەغەل قالماپتۇ.



www.munber.org

## سەن بىلىسەن ئى ئۇلۇغ ئاللاھ!



سەن بىلىسەن ئى ئاللاھ!
ھاۋادا ئۇچقان قۇشلارنى،
كېچە كۆرگەن چۈشلەرنى.
ئىنسان قىلغان ئىشلارنى.
بىلىسەن ئى ئۇلۇغ ئاللاھ!
ئاسمان، دېڭىز ۋە تاغلار،
يەرگە چۈشكەن ياپراقلار.
ئۆتمۈشلەر ۋە كېلىچەكلەر،
ساڭا مەلۇم ئى ئاللاھ!

ئەتە نېمە ئىش بولماقچى؟
كىم ئۆلۈپ كىم قالماقچى؟
كىم يىغلاپ كىم كۈلمەكچى؟
بىلىسەن ئى ئۇلۇغ ئاللاھ!

**ھېكايە:**

## ئەخمەتنىڭ نېمىشقا قۇشى يوق؟

ئەخمەت سىنىپىدا ئەلاچى بىر ئوقۇغۇچى ئىكەن، ئۇقۇتقۇچىسى ئۇنىڭغا بەك ئامراق ئىكەن، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىشقا باشلاپتۇ، چۈنكى مۇئەللىملەر ئەخمەدنى ئەتىۋارلايدىكەن. بىر كۈنى ساۋاقداشلىرى يىغىلىپ مۇئەللىمنىڭ يېنىغا بېرىپ:

www.munber.org

”مۇئەللىم، بىزمۇ دەرس ئۆگىنىۋاتىمىز. ئەمما بىزگە قارىغاندا ئەخمەتكە ئالاھىدە ئامراق ئىكەنلىكىڭىزنىمۇ



بىلىمىز، ئۇنى نېمىشقا بەك ياخشى كۆرىسىز؟“ دەپ سوراپتۇ. مۇئەللىم بۇنىڭ سەۋەبىنى كېيىنچە دەپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ، شۇ كۈنى مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارغا:

”ھەممىڭلار ھېچكىم كۆرمەيدىغان يەردە بىردىن قوشنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنى ئەتە ماڭا ئېلىپ كېلىڭلار“ دەپ تاپشۇرۇق بېرىپتۇ. ئوقۇغۇچىلار ھەممىسى ئۆيىگە كېتىپتۇ، بالىلار قۇشنى تۇتۇپ، ئەتراپقا قاراپ، بىركىم بولمىسا قۇشنى بوغۇزلاپتۇ. بەزىلەر دەرەخنىڭ ئارقىسىدا، بەزىلەر تاغنىڭ كەينىدە، يەنە بەزىلەر ئېغىلدا قۇشنى ئۆلتۈرۈپتۇ، ئەتىسى ھەممەيلەن قولىدا بىردىن بوغۇزلانغان قۇشنى كۆتۈرۈپ مەكتەپكە كەپتۇ. يالغۇز ئەخمەتنىڭلار قولىدا قۇش يوق ئىكەن. ساۋاقداشلىرى ئەخمەتكە قاراپ كۈلۈشۈپتۇ، ھەتتا بەزىلەر:

”مۇئەللىم ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئەخمەت، مۇئەللىمنىڭ دېگىنىنى قىلماپتۇ“ دەپ مازاق قىلىشىپتۇ. مۇئەللىم سىنىپقا كىرگەندە، ئوقۇغۇچىلار ئۆلۈك قۇشلارنى مۇئەللىمگە بېرىپتۇ. مۇئەللىم:

”ئەخمەت، سەن قۇش تاپالمىدىڭمۇ؟“ دەپتۇ، ئەخمەتنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ:

”كەچۈرۈڭ، مۇئەللىم، تاپشۇرۇقىڭىزنى ئورۇندىيالمىدىم“ دەپتۇ.

”نېمىشقا ئەخمەت؟“ دەپتۇ مۇئەللىم. ئەخمەت:

”مۇئەللىم، قۇشنى ئالدىم، بوغۇزلايدىغان يەر ئىزدىدىم، سىز: ”ھېچكىم يوق يەردە بوغۇزلاڭلار“ دېگەن ئىدىڭىز، ھەممە يەرگە قارىدىم، دەرەخلەرنىڭ ئارقىسىغا، تاغنىڭ كەينىگە، ئېغىلغا (قوتانغان) باردىم، ھەتتا قاراڭغۇدا بوغۇزلاي دەپمۇ ئويلىدىم. ئەمما قىلالمىدىم. ھېچكىم يوق يەر تاپالمىدىم، چۈنكى ھەر يەردە ئاللاھنىڭ مېنى كۆرۈپ تۇرىۋاتقانلىقىنى بىلىمەن. بۇ ئىشنى قىلالمىدىم كەچۈرۈڭ“ دەپتۇ. مۇئەللىم بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ ئىنتايىن مەمنۇن بوپتۇ. چۈنكى مۇئەللىمنىڭ كۈتكىنى دەل مۇشۇ جاۋاب ئىكەن. مۇ ئەللىم باشقا ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ:

”سۆيۈملۈك بالىلىرىم! مەن ئەسلى ھەممىڭلارغا ئامراق، ھەممىڭلارغا كۆڭۈل بۆلىمەن. ئەمما ئەخمەتتىكى ئاللاھتىن قورقۇش ۋە ئاللاھنىڭ ھەممىشە ئۇنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلىش تۇيغۇسى ئۇنىڭ قەلبىگە شۇ قەدەر چوڭقۇر ئورۇنلاشقانكى، مەن ئىختىيارسىز ھەيران قالىمەن، ئۇنىڭغا نېمىشقا بەك ئامراق ئىكەنلىكىمنى ئەمدى چۈشەنگەنسىلەر؟“ دەپتۇ. بىر ئاز ئىلگىرى ئەخمەتنى مازاق قىلغان بالىلارنىڭ خىجىللىقتىن باشلىرى يەرگە ساڭگىلاپ كېتىپتۇ. ئۇلار ئەخمەتنىڭ ھۆرمەتكە لايىق ئىسىل بىر بالا ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپتۇ.

www.munber.org



www.munber.org

## ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى قانداق بىلىمىز؟

ئاللاھ بار ۋە بىردۇر. ئۇنىڭ تەڭدىشى، ئوخشىشى، شېرىكى، جۈپتى يوقتۇر. ئۇ ھېچقانداق نەرسىگە ئوخشىمايدۇ، ھەم ھېچبىر مەۋجۇداتقا ئوخشىتىلمايدۇ. ئاللاھ ئوخشىشى يوق بىر مەۋجۇدىيەتتۇر. ئۇنىڭ قۇدرىتىنىڭ باشلىنىشى ۋە ئاخىرلىششى يوقتۇر. ئۇ پەقەت يەردىلا ياكى ئاسماندىلا ئەمەس بەلكى ھەر ۋاقىت، ھەر يەردىدۇر. ئاللاھ ئۇلۇغلاردىن ئۇلۇغ، بۈيۈكلەردىن بۈيۈكتۇر.

﴿ئېيتقىنكى، ئاللاھ بىردۇر، ئاللاھ تۇغۇلغانمۇ ئەمەس، بالىسى بولغانمۇ ئەمەس، ھېچكىم ئۇنىڭ تەڭدىشى بولالمايدۇ﴾ [سۈرە ئىخلاس].

## ئىككى ئىلاھ بولغان بولسا قانداق بولاتتى؟

﴿ئەگەر ئاسمان ـ زېمىندا ئاللاھتىن باشقا ئىلاھلار بولسا ئىدى، (كائىناتنىڭ تەرتىپى) ئەلۋەتتە بۇزۇلاتتى﴾ [ئەنبىيا سۈرىسى 22 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى].

مەسىلەن: ئىلاھلاردىن بىرى قار ياغدۇرماقچى بولسا، يەنە بىرى: "ياق، مېنىڭ كۆڭلۈم ئاپتاپ تارتىدۇ" دېيىشى مۇمكىن. ئاخىردا ھاكىمىيەت غەۋغاسى چىقىدۇ. بۇ غەۋغالار ۋە تالاش ـ تارتىشلار تۈپەيلى

كائىناتتا تـەرتىپ بولمايدۇ. پەسىللەر بىر ـ بىرىنىڭ ئارقىسىدىن نۆۋەت بىلـەن كەلمەيدۇ. قۇياش، ئـاي ۋە يۇلتۇزلار چىقمايدۇ.

بىر مەكتەپكە ئىككى مۇدىر، بىر شەھەرگە ئىككى ۋالىي بولمىغاندەك، ئىككى ئىلاھمۇ بولمايدۇ.

پۈتۈن مەۋجۇدىيەت ۋە كائىناتتا مۇكەممەل بىر قانۇنىيەت ۋە ئىنتىزام باردۇر. قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنىڭ ھەرىكەتلىرى توغرا، دەل بىر قانۇنىيەت ۋە ھېسابات ئىچىدە داۋام قىلماقتا. بۇ ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر.

ئاللاھ ئەگەر بىر ئەمەس، ئىككى بولسا، ئۇنداقتا ھايات قالايمىقان بولۇپ كېتەتتى. قۇياش ھەمىشە شەرقتىن چىقىپ، غەرپكە پاتمايتتى. پەسىللەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى نۆۋەتلىشىپ كەلمەيتتى. ئوت ھەمىشە كۆيىدۇرمەس، قۇياش ھەمىشە ئىستما ئىدى، بۇلاردا بىر ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقنى كۆردىڭىزمۇ؟ كائىناتتىكى بۇ مۇكەممەل قانۇنىيەت ۋە ئىنتىزام ئاللاھنىڭ بىرلىكىنىڭ دەلىلىدۇر.

## بۇلارنى بىلەمسىز؟

■ بىز ياشاۋاتقان يەرشارىنىڭ قۇياش بىلەن بولغان ئارىلىقى ئىنتايىن مۇۋاپىق ھالدا تەڭشەلگەن بولۇپ، لاۋۇلداپ تۇرغان بۇ ئاتەش بىزنى دەل جايىدا ئىسىتىدۇ. ئەگەر قۇياشنىڭ بۇ ئىسسىقلىقىنىڭ يېرىمى ئازايتىلسا، بىز سوغۇقتىن مۇزلاپ قالىمىز. يېرىمى كۆپەيتىلسە، ھەممىمىز كۆيۈپ كېتىمىز.

■ يەرشارىنىڭ 23 گرادۇس قىيپاش ھالەتتە يانتۇ ئايلىنىشى بىلەن پەسىللەر مەيدانغا كەلمەكتە... ئەگەر يەر شارى تىك ھالەتتە تۇرۇۋالسا، ئۇنداقتا دېڭىز ئوكيانلاردىن يۇقىرىغا ئۆرلىگەن سۇ پارلىرى جەنۇب ۋە شىمالغا ئېقىپ، قىتئەلەرنى مۇز بېسىۋالغان بولاتتى.

■ يۈرىكىمىز باشقا موتورلاردا يوق بىر مۇكەممەللىكتە ياسالغان بولۇپ، ھەر ۋاقىت توختىماستىن سوقۇپ تۇرىدۇ. بۇ ئاجايىپ موتۇر (يۈرەك) ھەركۈنى 100 مىڭ قېتىم گۈپۈلدەپ سوقماقتا ۋە ئۆزىنى ياراتقان قۇدرەتتىن ئالغان كۈچ بىلەن بىر كۈندە 10 توننا قاننى ئايلاندۇرۇپ 60 يىللىق بىر ئۆمۈردە بۇ مىقدار 220 مىڭ تونناغا يېتىدۇ. بۇ مۆجىزە خاراكتېرلىك ھەرىكەت ئىنساننىڭ چۈشىنىش دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن.





شۇنداق، بۈنچىلىك مىقداردىكى قان، نېيرۇكتىكى 102 قەۋەتلىك بىنادىنمۇ ئېگىز بولغان، دىئامېترى 7.5 مېتىر كېلىدىغان بىر سىلىندىرنى تولدۇرالايدۇ. كىچىككىنە يۈرىكىمىزنىڭ قان ئايلىنىدىغان قان تومۇرلىرىمىزنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلىقى 150 مىڭ كىلومېتىرغا يېتىدۇ. يەرشارى ئايلانمىسىنىڭ تەخمىنەن تۆت ھەسسىسىگە توغرا كېلىدىغان بۇ مۇساپىنى پۈتۈن قانلار 13

www.munber.org

سىكۇنت ئىچىدە ئايلىنىپ چىقىدۇ. بۇ كائىناتنىڭ ئۇلۇغ ياراتقۇچىسىغا ئائىت كۈچ ۋە قۇۋۋەتنى ئاشكارا نامايەن قىلىدۇ. ”زەپەر ژورنىلى“ ”ھەققە ئۇدۇل“ 1 ـ جىلد، 2 ـ سان، 7 ـ بەت.

■ بىر تامچە قاندا بەش مىليون جانلىق ياشايدىغانلىقى، قاننىڭ 50 خىل، جىگەرنىڭ 400 خىل فونكسىيەسى بارلىقى، بۆرەكنىڭ ھەر بەش مىنۇتتا بىر قېتىم بەدەندىكى قاننى سۈزۈپ پاكىزلايدىغانلىقى، بىر تال ھۈجەيرىدە ساقلانغان بىلىملەرنى يازغاندا، ئۇنىڭ 46 جىلدلىق بىر كىتاب بولىدىغانلىقى، ئادەم مېڭىسىنىڭ ئەڭ ئىلغار كومپيۇتېردىن 100 مىڭ ھەسسە مۇكەممەل ئىكەنلىكى، قاتارلىقلارنى ئالىملار تىلغا ئالغان. چۈنكى كومپيۇتېرنىمۇ ئىنسانلار ياسىغان.



■ ئالىملار يەنە بوشلۇقتا تۇرغان يەرشارىنىڭ 12 خىل ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى، ھەم ئۆز ئوربىتىسىدا، ھەم قۇياش ئەتراپىدا سائىتىگە 100 مىڭ كىلومېتىرلىق سۈرئەتتە ئايلىنىۋاتقانلىقى، قۇياش سىستېمىسىنىڭ بىر ئۇچچىدىن يەنە بىر ئۇچچىغىچە بولغان ئارىلىقنىڭ 10 مىليارد كىلومېتىر ئىكەنلىكى، بىزنىڭ سامان يولى سىستېمىمىزدا 100 مىليارد قۇياش سىستېمىسى بار ئىكەنلىكى، يەنى كائىناتتا تەخمىنەن 200 مىليارد سامان يولىنىڭ بار ئىكەنلىكى بىزگە ئەڭ يېقىن يۇلتۇزغا ئايرۇپىلان بىلەن 16 مىليون يىلدا يېتىپ بارغىلى بولىدىغانلىقى، قۇياشتىن 10 مىليار ھەسسە چوڭ ۋە قۇياش بىر يىلدا تارقاتقان نۇر ۋە ئىسسىقلىقنى ئالتە سىكونتتا بېرەلەيدىغان باشقا يۇلتۇزلارنىڭمۇ بار ئىكەنلىكى ”قۇرئان كەرىم“ زارىيات سۈرىسى 47 ـ ئايەتتە ئىشارەت قىلىنغاندەك، كائىناتنىڭ ھەر سىكۇنتتا 60 مىڭ كىلو مېتىر كېڭىيۋاتقانلىقىنى ئالىملار تىلغا ئالغان.

## قار ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە قۇدرىتىنى قانداق ئىسپاتلايدۇ؟

قارنىڭ يېغىشى ھەققىدە ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟ قار ياغقاندا قار دانىلىرى بىر ـ بىرىگە چاپلىشامدۇ؟ ئەمما يەرگە چۈشكەن قار دانچىلىرى دومىلىتىلغاندىن كېيىن قار توپى بولىدۇ. سىز قار دۆۋىلىرىدىن قار ئادەم ياسايسىز، ئەگەر قارلار ئاسماندىن قار توپى شەكلىدە يەرگە چۈشسە قانداق بولاتتى؟


ئاللاھ بىزنى (ئىنسانلارنى) زەخمىلەندۈرمىسۇن، دەپ قار دانىلىرىنى ئاسماندا بىر ـ بىرىگە چاپلاشتۇرماي، ئۇستىمىزگە كېيىنەكتەك يېنىك ۋە ئاستا ـ ئاستا چۈشىدىغان قىلىپ ياغدۇرغان.

بۇ قار دانىلىرى ئۇستا رەسساملارغا ئىلھام بەرگۈدەك گۈزەل شەكىللەرگە ئىگە، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ قاردانىلىرى ھىچ بىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ھەممىسى ئۆزگىچە بىر سەنئەت ئەسىرىدۇر.

ئاۋازلىرىمىز، يۈزلىرىمىز، بارماق ئىزلىرىمىز بىر ـ بىرىمىزنىڭكىدىن قانداق پەرقلىق بولسا، قار دانىلىرى (قار گۈللىرى) مۇ بىر ـ بىرىدىن شۇنچە پەرقلىقتۇر.

www.munber.org

بۇ ئەھۋال، ئاۋازلارنى، يۈزلەرنى ۋە بارماق ئۇچلىرىنى ئايرىم - ئايرىم مۆھۈرلىگەن ئىلاھىي كۈچ ۋە قۇۋۋەتنىڭ قار گۈللىرىدىكى كۆرۈنىشىدۇر ۋە ھېچبىر ھادىسىدە قىلچىلىك بىر تاسادىپىيلىقنىڭمۇ يوق ئىكەنلىكىگە قاردانىلىرىنىڭ سانى قەدەر ئىسپاتتۇر.




بۇ ھەقىقەت **1885** - ئامېرىكىلىق ۋىلسون بەنتلەي **50** يىل سەرپ قىلىپ تارتقان **6000** پارچە فوتوگراف ئۈتتۈرىغا قويۇلغاندىن كېيىن ئاشكارىلاندى. شۇندىن كېيىن قار گۈللىرىنىڭ رەسىمىنى تارتىش ئادەتتە بىر سەنئەت تۈرى ھالىغا كەلدى.

شۇنداق، ھەربىر قار گۈلى ئاسماندىن چۈشكەن بىر ھەيۋەتلىك مەنزىرىدەك گۈزەلدۇر. سۇ تامچىسىدىن مەيدانغا كەلگەن بۇ كۆرۈنىش، يەنە شۇ سۇ تامچىسىدىن يارىتىلغان ئىنسان بالىسىغا ياراتقۇچىسىنى كۆرسىتىشكە يېتەرلىكتۇر. ”زەپەر ژورنىلى“ ”ھەققە ئۇدۇل“ **1** - جىلد، **2** - سان، **16** -، **17** - بەتلەر.

بۇ مىساللاردىن شۇنى چۈشىنىۋالالايمىزكى، دۇنيادىكى ھېچقانداق نەرسە تاسادىپىيى ئەمەس، مۇقىم بىر قائىدە - قانۇنىيەت ئىچىدىدۇر ۋە ئاللاھنىڭ بىرلىكىنىڭ نامايەندىسىدۇر.

## ئاللاھنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىزمۇ؟

ئاللاھنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بۇ كۆزلىرىمىز بىلەن كۆرەلمەيمىز. ئەقلىمىز بىلەن بىلەلمەيمىز، پەقەت ئاللاھ بىزگە ئۆزى ھەققىدە بىلدۈرگەنىنىلا بىلەلەيمىز. بۇ تېمىنى تۆۋەندىكى ھېكايىلەر بىلەن تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرىمىز.

www.munber.org

# پىل كۆرمىگەن خەلق

ھىندىلار قاراڭغۇ ئېغىلغا بىر پىل ئەكېلىپ، خەلققە كۆرسەتمەكچى بوپتۇ، ھايۋاننى كۆرۈش ئۈچۈن ئۇ قاراڭغۇ يەرگە بىر توپ كىشى توپلىنىپتۇ.

ئەمما ئېغىل ئىنتايىن قاراڭغۇ بولغاچقا كۆز بىلەن كۆرگىلى بولماپتۇ، كۆز ـ كۆزنى كۆرگىلى بولمايدىغان قاراڭغۇلۇقتا كىشىلەر پىلنى قوللىرى بىلەن سىلاشقا باشلاپتۇ.

بىرسىنىڭ قولى پىلنىڭ بۇرنىغا ئۇرۇلۇپتۇ. ئۇ:

”پىل (ئۆگزىدىن سۇ چۈشىدىغان بىر) نوغا ئوخشايدىكەن“ دەپتۇ. يەنە بىرسىنىڭ قولى پىلنىڭ قولىقىغا تېگىپتۇ ئۇ:

”پىل بىر يەلپۈگۈچكە ئوخشايدىكەن“ دەپتۇ.

باشقا بىرسىنىڭ قولى پىلنىڭ پۇتىغا تېگىپتۇ ئۇ:

”پىل بىر تۈۋرۈككە ئوخشايدىكەن“ دەپتۇ.


يەنە باشقا بىرەيلەن پىلنىڭ دۈمبىسىنى سىلاپ:

”پىل بىر تەختكە ئوخشايدىكەن“ دەپتۇ.

ھەربىرى پىلنىڭ قايەرنى تۇتقان بولسا، شۇنىڭغا ئاساسەن پىلنى تەسۋىرلەشكە باشلاپتۇ.

ئۇلارنىڭ سۆزلىرى، چۈشەنچىلىرى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق بوپتۇ. بىرى نو دېسە، بىرى يەلپۈگۈچ دەپتۇ.

ھالبۇكى، ھەممەيلەننىڭ قولىدا بىر شام بولغان بولسا، ئۇنى ئوخشاش تەسۋىرلەنگەن بولاتتى.



www.munber.org

# ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى

ئا: زاتى سۈپەتلەر.

ب: سۈبۇتى سۈپەتلەر.

ئا: زاتى (مەخسۇس) سۈپەتلەر: بۇلار ئالتە تۈرلۈكتۇر.

1 ـ ۋۇجۇد: بار بولۇش دېگەنلىكتۇر. ئاللاھ ھەر يەردە ۋە ھەر زامان باردۇر.

2 ـ قىدەم: بارلىقنىڭ باشلانغۇچى يوقتۇر. ئاللاھنىڭ باشلانغۇچى يوقتۇر، ئەزەلىيدۇر، تۇغۇلمىغاندۇر.

3 ـ بەقا: بارلىقنىڭ ئاخىرلىششى يوقتۇر. ئاللاھنىڭ ئاخىرى يوقتۇر، ئەبەدىيدۇر. مەڭگۇ ھايات تۇرغۇچىدۇر.

4 ـ ۋەھدانىيەت، بىر بولۇش دېگەنلىكتۇر. يەنى، ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى ۋە پېئىللىرىنى باشقا بىر مەۋجۇداتتىن تېپىش مۇمكىن ئەمەس. ئاللاھنىڭ جۈپتى ۋە ئوخششى يوقتۇر.

5 ـ مۇخالىفەتۇن لىلھاۋادىس: كېيىن بارلىققا كەلتۈرلگەنلەرگە ئوخشىمايدۇ، دېگەنلىكتۇر. ئاللاھ كېيىن ياراتقان ھېچقانداق بىر مەۋجۇداتقا ئوخشىمايدۇ.

6 ـ قىيام بى نەفسىھى: (قىيام بى زاتىھى): ئاللاھ تائالا ئۆزلىكىدىن باردۇر. باشقا بىر مەۋجۇداتقا موھتاج ئەمەستۇر. ھەممە نەرسە ئاللاھقا موھتاجتۇر.

ب: سۈبۇتى سۈپەتلەر: بۇلار سەككىز تۈرلۈكتۇر.

1 ـ ھايات: تىرىك دېگەنلىكتۇر، الله، تىرىكلىك، جان ۋە ھايات ئىگىسىدۇر.

2 ـ ئىلىم: بىلىش دېگەنلىكتۇر، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرىدۇ.

3 ـ سەمىئ: ئاڭلاش دېگەنلىكتۇر، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ.

4 ـ بەسار: كۆرۈش دېگەنلىكتۇر، ئاللاھ ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ.

5 ـ ئىرادە: خالاش دېگەنلىكتۇر، ئاللاھ ھەرقانداق ئىشتا ئۆز ئىختىيارى بويىچە ئىش قىلىدۇ (ئەركىنلىكى ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ).

6 ـ قۇدرەت: ئاللاھ تائالا كۈچ ـ قۇدرەت ئىگىسىدۇر، ئاللاھنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى ھەرقانداق ئىشقا يېتىدۇ.

7 ـ كالام: ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگە خاس بىر شەكىلدە سۆزلەش سۈپىتى باردۇر، "قۇرئان" بۇ سۈپەتنىڭ ئەسىرىدۇر.

8 ـ تەكۋىن: بار قىلىش، يارىتىش دېگەنلىكتۇر، ئاسمان ـ زېمىندىكى ھەممە نەرسىنى ئاللاھ ياراتقان.

www.munber.org

## بىز ئاللاھنى كۆرەلەيمىزمۇ؟

ئىنشائاللاھ، كۆرىمىز، ئەمما ئاللاھنى بۇ دۇنيادا كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى كۆزىمىزنىڭ كۆرۈش ئىقتىدارى چەكلىكتۇر. كۆزىمىز ھەممە نەرسىنى كۆرەلمەيدۇ. مەسىلەن: بەزى ھايۋانلار كىچىسى كۆرەلىگەن نەرسىلەرنى بىز كۆرەلمەيمىز.

## ئاخىرەتتە ئاللاھنى قانداق كۆرىمىز؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«سىلەر ئونتۆت كۈنلۈك تولۇنئاينى كۆرگەندەك، رەببىڭلارنى چوقۇم كۆرىسىلەر».

**ھېكايە:**

## ئاللاھ بىزنى كۆرىدۇ

سالىھ بوۋىسىدىن:

- بىز ئاللاھنى نېمە ئۈچۈن كۆرمەيمىز؟ دەپ سورىدى. بوۋىسى:

- بىزنىڭ كۆزىمىز ئاللاھنى كۆرەلەيدىغان شەكىلدە يارىتىلمىغانلىقى ئۈچۈن كۆرەلمەيمىز، دېدى.

بۇ قانداق بولغىنى؟ بوۋا!



- سەن رەسىم تارتىش ئاپىراتى بىلەن ھەممە نەرسىنىڭ رەسىمىنى تارتالامسەن؟

- ھە، تارتالايمەن.

- ئۆپكە، جىگەر ۋە ئاشقازىنىڭنىڭ رەسىمىنى تارتالامسەن؟

- ياق، ئۇلارنى رېنتگىن رەسىمگە تارتالايدۇ.

- دېمەك، ھەر ئىككىسى رەسىم تارتىش ئۈسكۈنىسى بولغان بىلەن، رېنتگىن كۆرەلىگەن نەرسىنى رەسىم (فوتوگراف) ئاپىراتى كۆرەلمەيدۇ. چۈنكى ياسىلىشى پەرقلىقتۇر. ئاللاھ بىزنىڭ كۆزىمىزنىمۇ ئاللاھنى كۆرەلەيدىغان شەكىلدە ياراتمىغان.

- ئاللاھ بىزنى كۆرەمدۇ؟

- ئەلۋەتتە، قاراڭغۇ كېچىدە، قاراڭغۇ ئۆيدە قاپ ـ قارا كىيىملەر ئىچىدە بولساقمۇ ئاللاھ بىزنى كۆرىدۇ.

www.munber.org

## ”ئاللاھنى دادا“ دېيىش توغرىمۇ؟

”قۇرئان“ دىكى ئىخلاس سۈرىسىدە دېيىلگەندەك، ئاللاھنىڭ دادىسى ۋە بالىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇنداق دېيىشى خاتا.

## ئاللاھ سۆزلەمدۇ؟ ئاللاھنىڭ سۆزلىرى قايسىلار؟

”قۇرئان كەرىم“ باشتىن ـ ئاخىرى ئاللاھنىڭ سۆزىدۇر. ئاللاھ بىزگە بىلدۈرۈشنى خالىغاننى پەرىشتە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا سۆزلىگەن، جىبرىئىل بۇ سۆزلەرنى سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزگەن.

سۆيۈملۈك بالىلار: ئاللاھنىڭ سۆزى ۋە بۇيرۇقلىرىدىن خەۋەردار بولۇش، ئۆگىنىش ئۈچۈن ”قۇرئان كەرىمنى“ كۆپ ئوقۇشىمىز لازىم.

﴿يەر يۈزىدىكى دەرەخلەر قەلەم، دېڭىزلار سىياھ بولغان، ئۇنىڭغا يەنە يەتتە دېڭىز سىيى قوشۇلغان تەقدىردىمۇ، ئاللاھنىڭ سۆزلىرىنى يېزىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ...﴾ [قۇرئان كەرىم ـ سۈرە لوقمان 27 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى].

## ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى قانداق چۈشىنەلەيمىز؟

ئۆزىمىزگە، باشقا مەۋجۇداتلارغا ۋە كائىناتتىكى ۋەقەلەرگە قاراپ، بۇ تەڭداشسىز يارىتىلىش، قانۇنىيەت ۋە تەرتىپنىڭ بىر ياراتقۇچىسى، بىر ئىدارە قىلغۇچىسى بارلىقىنى چۈشىنەلەيمىز. گەرچە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كىچىك چاغدا دادىسى بۇت ياسىغۇچى، قەۋمى بۇت پەرەس بولسىمۇ، ئۇ قۇياشقا، ئايغا يۇلتۇزلارغا قارىغان، ھەممىسىنىڭ پېتىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ: ”پاتقانلار مېنىڭ رەببىم ئەمەس“ دېگەن. شۇنداق قىلىپ ”پەقەت بۇلارنى ياراتقان مېنىڭ رەببىمدۇر“ دەپ ئاللاھنى تاپقان.

ئوخشاش توپا، ئوخشاش يىلتىز ۋە ئوخشاش سۇدىن خىلمۇخىل مېۋە ـ چېۋىلەرنى ئىشلەپ چىقارغان كۈچنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. ئاللاھنىڭ مەۋجۇدىيىتى ۋە كۈچىنىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكى سۆزلەنگەن ئايەتلەر:

﴿(بۇمۇ) اللهنىڭ (بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلەردىندۇركى، سەن زېمىننى قاقاس كۆرىسەن، ئۇنىڭغا يامغۇر ياغدۇرغان ۋاقتىمىزدا، زېمىن كۆتۈرۈلىدۇ ۋە كۆپۈشىدۇ، شۈبھىسىزكى، زېمىننى تىرىلدۈرگەن زات ئۆلۈكلەرنى ئەلۋەتتە تىرىلدۈرگۈچىدۇر، ئۇ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴾ [سۈرە فۇسسىلەت 39 ـ ئايەت].

www.munber.org

﴾ئۇلار ئاسماننى قانداق (تۈۋرۈكسىز) بەرپا قىلغانلىقىمىزغا، ئۇنى (يۇلتۇزلار بىلەن) بېزىگەنلىكىمىزگە، ئۇنىڭدا ھېچقانداق يوچۇق يوقلىقىغا قارىمامدۇ؟ يەر يۈزىنى (توغرىسىغا ۋە ئۇزۇنىسىغا سوزۇپ) كەڭ ياراتتۇق، يەر يۈزىدە (ئۇنىڭ تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) تاغلارنى قىلدۇق ۋە ئۇنىڭدا تۈرلۈك چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردۇق﴿ بىسۇرە قاف 6 ـ ، 7 ـ ئايەتلەر].



﴿الله يەريۈزىنى (ئۇزۇنىسىغا ۋە توغرىسىغا) سوزۇپ كەڭ ياراتتى، يەريۈزىدە تاغلارنى ۋە دەريالارنى ياراتتى، مېۋىلەرنىڭ ھەربىر تۈرىنى ئەركەك ـ چىشى ئىككى جىنسلىق قىلىپ ياراتتى. كېچىنى كۈندۈزگە كىرىشتۈردى (يەنى كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن كۈندۈزنىڭ يورۇقلۇقىنى ياپتى). بۇلاردا تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن (اللهنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر بار. يەريۈزىدە بىر ـ بىرىگە تۇتىشاڭغۇ قىتئەلەر بار ۋە تۈرلۈك زىرائەتلەر بار، كۆپ شاخلىق بولىدىغان ۋە كۆپ شاخلىق بولمىغان (بىر ئۇرۇقتىن بىر قانچە تال ئۈنۈپ چىققان، بىر ئۇرۇقتىن پەقەت بىر تال ئۈنۈپ چىققان) خورما دەرەخلىرى بار، (ئۇلارنىڭ ھەممىسى) بىر خىل سۇ بىلەن سۇغىرىلىدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن تەمدە ئارتۇق قىلىمىز، بۇلاردا چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن (اللهنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار﴾ [سۇرە رەئد 3 ـ، 4 ـ ئايەتلەر].

ئايەتلەردە ئېيتىلغاندەك، ئوخشاش تۇپراق، ئوخشاش سۇدىن ئۇزۇق ئالغان دەرەخلەرنىڭ تەمى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق مېۋىلەرنى بېرىش، ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە كۈچ قۇدرىتىنىڭ ئەڭ ئوچۇق دەلىللىرىدىن بىرىدۇر.

## ئاللاھ ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرىمىز

1 ـ يالغۇز ئاللاھقىلا ئىشىنىش، ئۇنىڭغا ھېچكىمنى شېرىك قىلماسلىق.

2 ـ ئاللاھنى چىن يۈرەكتىن ۋە ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرۈش.

3 ـ يالغۇز ئاللاھقا سېغىنىپ گۇناھلارغا تەۋبە قىلىش.

4 ـ يالغۇز ئاللاھقىلا يۈزلىنىپ، يالغۇز ئۇنىڭدىنلا ياردەم سوراش.

5 ـ داۋاملىق ھالدا يالغۇز بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش.

6 ـ ئاللاھ بەرگەن نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلىش (ئاللاھقا رەھمەت ئېيتىش).



www.munber.org

7 ـ ئاللاھ ياخشى كۆرگەنلەرنى ياخشى كۆرۈش، ياخشى كۆرمىگەنلەرنى ياخشى كۆرمەسلىك.

8 ـ ئاللاھ قىل دېگەننى قىلىش، قىلما دېگەننى قىلماسلىق.

## كۈندىلىك ھاياتىمىزدا ئاللاھ ئىسمى قوللىنىدىغان يەرلەر

يېقىن كىشىلىرىمىزدىن ئايرىلغاندا: ”ئاللاھقا تاپشۇردۇم“ دەيمىز.

يېقىن كىشىلىرىمىزنى ئۇزاتقاندا: ”ئاللاھقا ئامانەت! ئاللاھ بالا ـ قازادىن ساقلىسۇن!“ دەيمىز.

خەۋپ ـ خەتەرگە يولۇققاندا: ”ئاللاھ ساقلىسۇن، ئاللاھ ساقلىدى“ دەيمىز. بىر ئىش قىلماقچى بولغاندا: ”ئىنشائاللاھ، ئاللاھ خالىسا، خۇدايىم بۇيرىسا“ دەيمىز.



بىرسىگە ئاچچىقلىغاندا: ”ئۇنى ئاللاھقا ھاۋالە قىلدىم، ئۇنى ئاللاھقا قويدۇم، ئاللاھ جاجىسىنى بەرسۇن“ دەيمىز ياكى يېقىنلىرىمىزغا ئاچچىغىمىز كەلگەندە، بەددۇئا شەكلىدە سۆزلىگەندەك قىلغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە دۇئا بولغان ”ئاللاھ غەزەپ قىلمىسۇن، ئاللاھ جاجىسىنى بەرمىسۇن“ دەپ ياخشى دۇئا قىلىمىز.

بىر ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى كۆزلىگەندە: ”ئەۋۋەل ئاللاھ ئۇنى قىلىمەن“ دەيمىز.

بىر ئىشقا ھەيران قالغاندا: ”سۇبھانەللاھ!“ (ئاللاھ نوقسانلاردىن پاكتۇر)، دەيمىز.

بىز بىر خاتا ئىشنى قىلىپ سالغاندا: ”ئەستەغفىرۇللاھ“ (ئاللاھتىن كەچۈرۈم تىلەيمەن)، دەيمىز.

يېيىش ياكى بىر ئىشنى باشلىغاندا: ”بىسمىللاھ“ (ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)، دەيمىز.

يېمەك ـ ئىچمەكتىن كېيىن ياكى بىر ئىش تۈگىگەندە: ”ئەلھەمدۇلىللاھ“ (ئاللاھقا شۈكۈر، رەھمەت)، دەيمىز.



گۈزەل بىر نەرسە كۆرگەندە: ”ماشائاللاھ“ (ئاللاھنىڭ خالىغىنى بوپتۇ)، دەيمىز.

## ئاللاھ كىملەرنى ياخشى كۆرىدۇ؟

ـ ئاللاھ ئۆزىگە ئىتائەت ۋە ئىبادەت قىلغانلارنى ياخشى كۆرىدۇ.

ـ ئاللاھ بەرگەن نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلغان ۋە ھەمدۇسانا ئېيتقانلارنى ياخشى كۆرىدۇ.

ـ ئاللاھ دىندار (تەقۋادار) ۋە توغرا ئىش قىلغانلارنى ياخشى كۆرىدۇ.

www.munber.org

- ئاللاھ ئىشچان ئىنىلىك كىشىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ.

- ئاللاھ قىل دېگەننى قىلغان، قىلما دېگەننى قىلمىغانلارنى ياخشى كۆرىدۇ.

- ئاللاھ ئۆزىگە ۋە سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەمىر ۋە تەۋسىيىلىرىگە ئىتائەت قىلغانلارنى ياخشى كۆرىدۇ.

- ئاللاھ ئائىلىسىگە، بالا - چاقىلىرىغا ۋە قول ئاستىدىكىلەرگە ئادىل بولغانلارنى ياخشى كۆرىدۇ.

- ئاللاھ ئاتا - ئانىسىغا ياخشى مۇئامىلە قىلغانلارنى ياخشى كۆرىدۇ.

- ئاللاھ ئەتراپىدىكىلەرگە ياخشىلىق قىلغان، ياردەم قىلغانلارنى ياخشى كۆرىدۇ.

- ئاللاھ ئەقلىنى جايىدا ئىشلەتكەن مۇسۇلماننى ياخشى كۆرىدۇ.

- ئاللاھ پاكىزە ۋە گۈزەل ئەخلاقلىق كىشىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ.



## ئاللاھ كىملەرنى ياخشى كۆرمەيدۇ؟

- ئاللاھ ئۆزىگە ئىتائەت ۋە ئىبادەت قىلمىغانلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

- ئاللاھ بەرگەن نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلمىغان نانكورلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

- ئاللاھ باشقىلارنىڭ ھەققىنى يېگەنلەرنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

- ئاللاھ ئەخلاقسىزلىق ۋە ناچار ئەخلاقلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

- ئاللاھ يامانلىق قىلغانلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

- ئاللاھ يامانلىق قىلغانلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ.



- ئاللاھ توغرا ۋە پاكىزە بولمىغانلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

- ئاللاھ ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ يولىدىن ماڭمىغانلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

- ئاللاھ چوڭچىلىق قىلىدىغانلارنى، تەكەببۇرلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

- ئاللاھ ئىسراپخورلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

www.munber.org

- ئاللاھ ھورۇن ۋە مەينەتلەرنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

- ئاللاھ زالىم ۋە كىشىنىڭ ھەققىنى يېگەنلەرنى ياخشى كۆرمەيدۇ...

**ھېكايە:**



# ئاللاھ ياخشى كۆرگەن باللار


ئاقساقاللىق ئالىم جەينىمازدا ئولتۇرۇپ، قوللىرىنى ئېچىپ ئاللاھقا يالۋۇرماقتا: ئى ئاللاھ! پۈتۈم گۆرگە ساڭگىلىدى. ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغا كەلدىم، سەن ماڭا بەرگەن بۇ ئىلىمنى، كىتابخانامدىكى شۇ گۈزەل كىتابلارنىڭ قىممىتىنى بىلگۈدەك كىمگە بېرىمەن؟ ئۇنىڭدىكى ھەققەتلەردىن كىم پايدىلىنىدۇ؟... دۇئا قىلغاچ يېتىپ ئۇخلاپ قالغان ئالىم كېچىدە بىر چۈش كۆردى. چۈشىدە يېشىل قاناتلىق بىر پەرىشتە كېلىپ ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

- سەن نۇرغۇن كىتاب ساقلانغان كىتابخانىڭدىكى ياخشى كىتابلارنى كىمگە بېرىشنى سورامسەن؟ كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، كىمگە بېرىشنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاللاھ مېنى ساڭا ئەۋەتتى. ئەتىگەن بامدات نامىزىدىن كېيىن ئۆيى ساڭا تۇتاش ئۈچ خوشناڭنىڭ ئۆيىگە كىرگىن. بۇ ئۆيلەردىكى باللارنى ئېلىپ كىتابخاناڭغا ئەكەل، كىتابلارنى ئۇلارغا بەر. بۇ باللار سېنىڭ كىتابلىرىڭغا لايىق، پەرىشتە بۇلارنى دەپ بولۇپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

كۆزىنى ئاچقان ئالىم، چۈشىدە كۆرگەنلىرىنى قايتا خىيالىدىن ئۆتكۈزۈشكە تىرىشىپتۇ. پەرىشتەنىڭ سۆزلىرىنى يېڭىباشتىن ئويلاپتۇ ۋە ”بۇ بىر شەيتاني چۈش ئەمەس“ دەپ، چۈشىدە ئېيتىلغاننى قىلىشقا قارار قىپتۇ.

بامدات نامىزىدىن كېيىن قىلغان تۇنجى ئىشى خوشنىلارنىڭ باللىرىنى چاقىرىش بوپتۇ. ئۈچ خوشنىسىنىڭ باللىرىنى ئۆيدىكى كىتابخانىسىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغۇزۇپ سوراپتۇ.

www.munber.org



ـ سۆيۈملۈك باللار، سىلەر چوقۇم ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان باللار ئىكەنسىلەر، ئاللاھ سىلەرنى ياخشى كۆرىدىكەن، ئەمما نېمىشقا ياخشى كۆرىدۇ؟ بىلمەيمەن. كۈندۈزى بىكار ۋاقىتلاردا نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىڭلارنى ماڭا دەپ بېرەمسىلەر؟ دەپ سوراپتۇ. بىرىنچى بالا مۇنداق دەپتۇ:

ـ مەن سەھەردە ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئورمانلىقلارغا، ياپ ـ يېشىل دەل ـ دەرەخلەرگە، مېۋىلىك باغلارغا، گۈللۈك باغچىلارغا قارايمەن. بۇلار قىشتا ياپراقسىز، قۇرۇق قاخشال، مېۋىسىز بولغان بىلەن، ئەتىيازدا يېشىللىقا پۈركىنىدۇ. چىرايلىق چېچەكلەر ئېچىلىدۇ، مېۋىلەر بېرىدۇ. بۇ دەرەخلەرنىڭ ئىچىدە بۇلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان بىر ماشىنا يوق ئەھۋالدا، بۇلارنى كىم قىلىدىغاندۇ؟ دەپ ئويلاپ كېتىمەن.

بۇنى پەقەت بىزگە نېمەت بېرىپ، بىزنى خوش قىلغان پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ قىلىدۇ، دەپ ئاللاھقا بولغان سۆيگۈم تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. بۇ ئوي ـ خىياللار بىلەن دىنى كىتابلارنى تېخىمۇ كۆپ ئوقۇپ، ئاللاھقا بولغان مېھرى ـ مۇھەببىتىمنى تېخىمۇ ئاشۇرىۋاتىمەن، كىتابلارنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن...

ئاق ساقاللىق ئالىم مۇنداق ئىزاھلاپتۇ:


ـ بالام، دېگەنلىرىڭ ھەممىسى ئىنتايىن ياخشى ئىشلار، دېمەك ئاللاھ سېنى بۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى كۆرىدىكەن. ئەتراپقا قاراپ ئىبرەت ئېلىش، ھەركۈنى بىكار ۋاقىتلاردا دىنى كىتاب ئوقۇش ھەقىقەتەن ياخشى ئىش...

ئىككىنچى بالا مۇنداق دەپتۇ:

www.munber.org

- مەن كېچە يۇلتۇزلار بىلەن زىننەتلەنگەن، ئاي بىلەن ئايدىڭ بولغان ئاسمانغا قارايمەن، ئاندىن بىزگە يامغۇر ياغدۇرغان بۇلۇتلارنى ئويلايمەن، ياشارغان كۆكتاتلارنى ئەسكە ئالىمەن. پۈتۈن بۇلارنى بىز ئۈچۈن ياراتقان ئاللاھقا بولغان سۆيگۈم ۋە رىشتىم تېخىمۇ كۈچلىنىدۇ. بۇ سەۋەبتىن مەنمۇ، دىنىي كىتابلارنى تېخىمۇ كۆپ ئوقۇيمەن، ھەر كۈن بېكار قالساملا ئىسلامىي بىلىملەر ئۆگىنىمەن...





نۇر يۈزلۈك ئالىم بۇنى ئىزاھلاپ مۇنداق دەپتۇ:

- بالام، سېنىڭ قىلغانلىرىڭ ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان ئىشلاردۇر. بېكار چاغلاردا مەخلۇقاتلارنىڭ ئىبرەتلىك ئەھۋاللىرىنى تەپەككۇر قىلىپ، دىنى كىتابلارنى ئوقۇپ ئىمانىنى كۈچلەندۈرۈشنى ئاللاھ ھەقىقەتەن بەك ياخشى كۆرىدۇ.

www.munber.org

ئۆچنچى بالا مۇنداق دەپتۇ:

- ئەپەندىم، دوستلىرىمنىڭ بىرى ئاسمانغا، يەنە بىرى يەر يۈزىگە قاراپ تەپەككۇر قىپتۇ. مەن يەردە، ھاۋادا كۆرگەن ھەر نەرسىنى، قۇشلارنى ھايۋانلارنى مۇلاھىزە قىلىمەن. مەسىلەن: شۇنچە قۇشلارنىڭ رىزقىنى بەرگەن پەرۋەردىگارىمىز اللّٰه، يەنە يەردە ياشىغان قويلارنىڭ، قۇزىلارنىڭمۇ رىزىقىنى بەرمەكتە، ھەتتا قويلارنىڭ سۈتىدىن بىزگە رىزىق بەرمەكتە. ئەمەلىيەتتە، قوي يېگەن ئوتتىن ھەم گۆش، ھەم سۈت ۋە ماياق (قىغ، ئۈغۈت) مەيدانغان كېلىدۇ. بىر خىل نەرسە يەيدۇ. ئەمما كۆپ خىل نەرسە ئىشلەپچىقىرىدۇ. يالغۇز ئوتتىن پەرقلىق نەرسىلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى، قوينىڭ، كالىنىڭ، سۇ كالىسىنىڭ قورسىقىدا بىر زاۋۇت بار ئىكەنلىكى سەۋەبىدىن ئەمەس. بۇلارنى ئويلىغانسېرى ئاللاھقا بولغان سۆيگۈ مۇھەببىتىم شۇنچە ئاشىدۇ. شۇڭا بېكار چاغلىرىمدا دوستلىرىمغا ئوخشاش مەنمۇ دىنىي كىتاب ئوقۇيمەن. ئىسلام ئەھكاملىرىنى ئۆگىنىمەن.

ئالىم بۇ بالىدىنمۇ ئىنتايىن مەمنۇن بوپتۇ. كىتابلىرىنى ئۈچكە ئايرىپتۇ - دە، ھەربىرىگە بىر ئۈلۈشتىن بېرىپتۇ ۋە شۇنداق دەپتۇ:

- باللار، بۇ كېچە يېشىل قاناتلىق بىر پەرىشتە كەلدى. ”ئاللاھ ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان باللارغا كىتابلىرىڭنى بەر“ دەپ سىلەرنى تونۇشتۇردى. مەن ئاللاھنىڭ سىلەرنى نېمە سەۋەبتىن ياخشى كۆرگەنلىكىگە قىزىقتىم. ئەمدى چۈشەندىمكى، سىلەر ھەقىقەتەن ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان بىر مەۋقەدە ئىكەنسىلەر، كىتابلىرىمنى سىلەرگە خۇشاللىق بىلەن بېرىمەن. ئىلىگلار، ئوقۇگلار، ھەقىقىي ياخشى ئالىم بولۇپ يېتىشىگلار.

خۇرسەن بولغان باللار ئۆيلىرىگە كۆپ كىتابلارنى كۆتىرىپ ئاپىرىپتۇ. ئاتا - ئانىسىمۇ ھەيران قاپتۇ. ئاللاھنى تېخىمۇ رازى قىلىش ئۈچۈن، ئۇ كۈندىن باشلاپ تېخىمۇ كۆپ دىنىي كىتاب ئوقۇشقا باشلاپتۇ. كائىناتتىكى مەۋجۇداتلارغا ئىبرەت كۆزى بىلەن قاراپ تەپەككۇر قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

## ئاللاھ مەۋجۇداتلارنى نېمە ئۈچۈن ياراتتى؟

بارلىق جانلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ياشاش جەريانىدا ئۆزىگە خاس ئىقتىدارى ۋەزىپىسى بار. مەسىلەن: ھەرە ھەسەل ئىشلەپچىقىرىدۇ. پىلە قۇرتى يىپەك چىقىرىدۇ. توخۇ تۇخۇم تۇغىدۇ. قۇياش ئىسسىقلىق ۋە نۇر بېرىدۇ. تۇپراق بىزنى ئۇزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەيدۇ.

پۈتۈن مەۋجۇداتلارنىڭ تەبىئەتتە بىر ۋەزىپىسى بار. توخۇنىڭ تۇخۇمى ۋە گۆشىنى يەيمىز. ھەرىنىڭ ھەسىلىنى يەيمىز. كالىنىڭ گۆشى، سۈتى تېرىسى ھەتتا گەندىسى (ئۇغۇتى) دىن پايدىلىنىمىز. ھالبۇكى، ئىنساننىڭ تەبىئەتتە پايدىلانغىلى بولىدىغان كۆپ نەرسىسى يوقتەك كۆرىنىدۇ.

تەپەككۇر قىلالايدىغان بىر مەخلۇق ھېسابلانغان ئىنسان، مەۋجۇداتلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ قىممەتلىك بىر جانلىقتۇر. چۈنكى، تەبىئەتتىكى بارلىق مەۋجۇداتلار ئىنسانغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن بار قىلىنغان.

ئىنسان ئىلىم، سەنئەت ۋە تېخنىكا ساھەسىدە يېڭى ئەسەرلەر يارىتالايدۇ. ئەمما بۇلار جانلىق ئەمەس، بىر رەسسام تەبىئەت تېمىسىدا گۈزەل بىر مەنزىرىنى سىزىشى مۇمكىن. لېكىن بۇ رەسسامنى، تەبىئەتنى ۋە ھەممىنى ياراتقۇچى ئاللاھ تائالادۇر.



www.munber.org

ھەممە نەرسىدىن ئىنسان ئۈچۈن بار قىلىنغان، ئىنسان بولسا، ئاللاھنىڭ بارلىقىنى (مەۋجۇتلۇقىنى) بىلىش ئۈچۈن يارىتىلغان.

## قارىدىڭمۇ قوللىرىڭغا

- قوللىرىڭغا،
كىچىك، ئوماق قوللىرىڭغا
قارىغىنا...
نەقەدەر چىرايلىق،
كىم ياسىدى قوللىرىڭنى
بۇنچە گۈزەل يارىشىملىق؟
- قارىدىم مۇئەللىم،
ئانام ياسالماس،
دادام ياسىيالماس،
ھېچكىم ياسىيالماس،
ھەممەيلەننىڭ قوللىرىنى،
ئاللاھ ياراتقان، مۇئەللىم!



- ئىسمەت ئۆزجان يازغان

## ئاللاھ ئىنساننى نېمە ئۈچۈن ياراتتى؟

ئىنساننىڭ ئاللاھنى تونۇشى، ئاللاھ بەرگەن نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلىشى، نېمەت بەرگەن ئاللاھقا ئىبادەت (قۇللۇق) قىلىشى ئۈچۈن ياراتتى.

﴿جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم﴾ [سۈرە زارىيات 56 - ئايەت].

ئىنسان دۇنيادا ئىمتىھان مەيدانىدا سىنالماقتا، ئاللاھ بەرگەن بۇنچە گۈزەل نېمەتلەر ئالدىدا ئاللاھ ئەمر قىلغاندەك، مۇسۇلمانلىق ھالىتىدە ياشاۋاتامدۇ؟ ئىبادەت قىلىۋاتامدۇ؟... دەپ سىنالماقتا. ئىمتىھان بەرمەكتە...

www.munber.org

هېكايە:

## مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ: " ئى رەببىم! ئىنسانلارنى ئۆلتۈردىكەنسەن، نېمشقا ياراتتىڭ؟" دەپ سورىغانلىقى

بىر كۈنى مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆلۈم ھەققىدە ئويلاپ قاپتۇ. جانابى ئاللاھتىن:

"ئى رەببىم! ئىنسانلارنى بەربىر ئۆلتۈردىكەنسەن، ئۇلارنى نېمشقا ياراتقان ئىدىڭ؟" دەپ سوراپتۇ:

ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنى بۇغداي تېرىشقا بۇيرىپتۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇغداي تېرىپتۇ، ئوغۇتلاپتۇ، سۇغىرىپتۇ. بۇغدايلار پىشىپ، خامان ۋاقتى كەپتۇ. خامان ئېلىپ، بۇغداينى بىر يانغا، سامانلارنى بىر يانغا دۆۋىلەپتۇ. ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن:



- ئى مۇسا! نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ دەپ سوراپتۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام:

- ئى ئاللاھ! خامان ئالدىم، بۇغداينى ساماندىن ئايرىۋاتىمەن" دېيىش بىلەن. ئاللاھ تائالا:

- مەندىن سورىغان سوئالىڭ جاۋابى مۇشۇ يەردە، ئى مۇسا! ئۆلۈم خۇددى خامانغا ئوخشايدۇ. بۇغداي ساماندىن قانداق ئايرىلسا، ئۆلۈم ئارقىلىق ياخشى ئىنسانلار بىلەن يامان ئىنسانلار ئايرىلىدۇ. يەنە بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈلىدۇ - دەپتۇ.

جانابى ھەق سۈرە مۇلك 2 - ئايەتتە:

﴿ئاللاھ سىلەرنىڭ قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، ئۆلۈمنى ۋە تىرىكلىكنى ياراتتى﴾ دېگەن.

## تۇنجى ئىنسان نېمىدىن يارىتىلغان؟

رەببىمىز تۇنجى ئىنسان (ئادەم ئەلەيھىسسالام) نى تۇپراقتىن ياراتقان. ئۇنىڭغا روھ كىرگۈزگەن، بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ئىسىملىرىنى ئۇنىڭغا ئۆگەتكەن، پەرىشتىلەرنى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلىشقا بۇيرىغان، شەيتان تەكەببۇرلۇق قىلغان ۋە ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلمىغان. ئاللاھ شەيتاننى جەننەتتىن قوغلىغان. شەيتان ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋانى ئالداپ، ئاللاھ يېيىشنى مەنئىي قىلغان دەرەخنىڭ

www.munber.org

مېۋىسىنى يېگۈزگەن. ئاللاھ ئۇلارنى جەننەتتىن دۇنياغا چۈشۈرگەن. باشقا ئىنسانلار مۇشۇ بىر دادا بىر ئانىدىن تۇغۇلۇپ كۆپەيگەن.

## ئاللاھنىڭ نېمەتلىرى قايسىلار؟

ئاللاھنىڭ نېمەتلىرى سان ـ ساناقسىز كۆپتۇر. ئاللاھ بىز ئۈچۈن دۇنيانى، ئاسماننى، تاغلارنى، تۈزلەڭلىكلەرنى، دەريالارنى، ئۆسۈملۈكلەرنى، ھايۋانلارنى ياراتقان. بىز يەيدىغان نەرسىلەرنى ۋە نەپەسلىنىدىغان ھاۋانى بەرگەن.

﴿ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ (كامالى) پەزلىدىن سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى﴾ [سۈرە جاسىيە 13 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى].

ئاللاھ بىزنى ئىنسان قىلىپ ياراتتى. ئىنساننى پۈتۈن مەۋجۇداتلاردىن ئۈستۈن قىلىپ، ئىنسانلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھەممە نەرسىنى بەردى. تەپەككۇر قىلسۇن دەپ ئەقىل، كۆرسۇن دەپ كۆز، ئاڭلىسۇن دەپ قۇلاق، سۆزلىسۇن دەپ تىل بەردى. يەنە نۇرغۇن نەرسىلەر بەردى...

بەدىنىمىزگە قاراڭ، ھەر ئەزا ئادەمنى ھەيران قالدۇرۇپ ئىشلىمەكتە. ئەگەر كۆزىمىز بولمىغان بولسا، ئۇنى قانچە پۇلغا ئالالايتتۇق؟

ھەممىدىن مۇھىمى شۇكى، ئاللاھ بىزگە يول كۆرسەتكۈچى ”قۇرئان“ دەك بىر كىتاب ۋە دىنىمىز ئىسلامنى بەردى. بىزنى ئىمان ئېيتىشقا نېسىپ قىلدى.

## ئىنسان ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش ئارقىلىق نېمىگە ئېرىشىدۇ؟

تۆرلۈك نېمەتلەرنى يارىتىپ، ئۇنى ئىنسانغا خىزمەت قىلسۇن، دەپ بەرگەن ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش ئىنساننى خۇشال ۋە بەختلىك قىلىدۇ. ئاللاھقا قۇل بولغان ئىنساننىڭ ھەر ۋاقىت كۆڭلى راھەت، خاتىرجەم بولىدۇ. بىر كۈنى ئىنسان بەلكى چارىسىز، يامان ئەھۋالدا قالسا، بېشىغا كۈن چۈشسە، خېيىم خەتەردە قالسا پەقەت ئاللاھقا ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن ئۈمىدسىز بولمايدۇ. قىيىن ئەھۋاللاردا ئاللاھتىن ياردەم تىلەيدۇ. چۈنكى ئاللاھ ھەر زامان باشپاناھسىزلارنىڭ، ئامالسىز قالغانلارنىڭ ۋە بېشىغا كۈن چۈشكەنلەرنىڭ ئەڭ ياخشى دوستىدۇر.

ھەقىقەتەن ”قۇرئان“ دا: ﴿كىمكى ئاللاھتىن قورقىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ. كىمكى ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ: ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەر بىر نەرسە ئۈچۈن مۇئەييەن مىقدار، مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلىدى﴾ [سۈرە تالاق 2 ـ 3 ـ ئايەتلەر].

شۇنداق قىلىپ ئىمان ئېيتقان ئىنسان بارلىق قىيىنچىلىقلار ۋە توسقۇنلۇقلارنى يېڭەلەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئىرادىلىك ۋە كۈچلۈك ئىنساندۇر.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئىنسان ھاياتتا بەزى خاتالىقلار سادىر قىلىپ سېلىشى مۇمكىن. ئەمما پۇشايمان قىلىپ: ”بۇنىڭدىن كېيىن قەتئىي بۇنداق قىلمايمەن“ دەپ تەۋبە قىلسا، ئاللاھ ئۇنى ئەپۇ قىلىدۇ. بۇنىڭغا

www.munber.org

چىن يۈرەكتىن ئىشەنگەن ئىنسان ئاللاھتىن ھەرگىز ئۈمىد ئۈزمەيدۇ. بۇنداق ئېتىقاد، ئىمان ئىنساننى بەخت - سائادەتكە، مۇۋەپپىقىيەتكە يېتەكلەيدۇ.

## ئاللاھ بەرگەن نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلىش توغرىسىدىكى ئىبرەتلىك ھېكايە

تاز، قارىغۇ، ئاق كېسەل

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دوستلىرىدىن ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ ئېيتىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىسرائىل ئەۋلادى ئارىسىدا بىرى تاز، بىرى قارىغۇ، بىرى تېرە كېسىلى ئۇچ كىشى بار ئىدى. ئاللاھ بۇلارنى سىناش ئۈچۈن، بۇلارغا بىر پەرىشتە ئەۋەتتى. پەرىشتە ئاق كېسىلى كىشىنىڭ يېنىغا كېلىپ سوراپتۇ:

ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسەڭ نېمە؟

گۈزەل رۇخسار، ھۆسنى جامال، چۈنكى ئىنسانلار مېنى سەت دەپ ياقتۇرمايدۇ. دەپتۇ ئاق كېسىلى بار كىشى.

پەرىشتە ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى سىلىغان ئىكەن. ئۇنىڭ سەتلىكى يوقىلىپ، رەڭگى - رۇخسارى گۈزەللىشىپ كېتىپتۇر. ئاندىن پەرىشتە:

- قايسى مالنى ئەڭ ياخشى كۆرسەن؟ دەپتۇ. تېرە كېسىلىدىن قۇتۇلغان بۇ كىشى:

- تۆگىنى، دەپتۇ.

بۇ كىشىگە بوغاز بولغىنىغا ئون ئاي بولغان بىر چىشى تۆگە بېرىلىپتۇ. پەرىشتە ئۇنىڭغا:

- ئاللاھ ساڭا بۇلارنى بەرىكەتلىك قىلىپ بەرسۇن، دەپ دۇئا قىلىپ غايىب بوپتۇ.

ئاندىن پەرىشتە تاز كىشىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن:

- ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسەڭ نېمە؟ دەپ سورپتۇ. ئۇ كىشى:

- بېشىمغا بىر چاچ چىققان بولسا،



www.munber.org

تاز بولغانلىقىم ئۈچۈن، ھېچكىم مېنى ياقتۇرمايدۇ، دەپتۇ.

پەرىشتە ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپتىكەن، ئۇنىڭغا چىرايلىق چاچ چىقىپتۇ، پەرىشتە ئۇنىڭدىن:

ـ قايسى مالنى ئەڭ ياخشى كۆرىسەن؟ دەپ سوراپتۇ. ئۇ:

ـ كالىنى بەك ياخشى كۆرىمەن، دەپتۇ.

ئاللاھ ئۇنىڭغا بىر بوغاز كالا بېرىپتۇ. پەرىشتە ئۇنىڭغا:

ـ ئاللاھ بۇ كالىنى ساڭا بەرىكەتلىك قىلسۇن! دەپ دۇئا قىپتۇ ۋە قارىغۇ كىشىنىڭ يېنىغا كەپتۇ. ئۇنىڭدىن:

ـ ھەممىدىن بەك نېمىنى ياخشى كۆرىسەن؟ ـ دەپ سوراپتۇ.

ـ ئاللاھ كۆزۈمنى ئاچسا، ئىنسانلارنى كۆرسەم، دەپتۇ قارىغۇ كىشى. پەرىشتە ئۇنىڭ كۆزلىرىنى سىلاپتۇ ۋە كۆزلىرى ئېچىلىپتۇ. پەرىشتە قارىغۇ كىشىدىن:

ـ قايسى مالنى ئەڭ ياخشى كۆرىسەن؟ دەپ سوراپتۇ. قارىغۇ كىشى:

ـ قوينى ياخشى كۆرىمەن، دەپتۇ. پەرىشتە ئۇنىڭغا بىر بوغاز قوي بېرىپتۇ. بىر مۇددەتتىن كېيىن توگە بېرىلگەن كىشىنىڭ تۆگىسى بوتىلاقلاپتۇ. كالا بېرىلگەن كىشىنىڭ كالىسى مۇزايلاپتۇ. قوي بېرىلگەن كىشىنىڭمۇ قويى قوزىلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ تۆگە ئالغان كىشىنىڭ بىر توپ تۆگىسى، كالا ئالغاننىڭ بىر توپ كالىسى، قوي ئالغاننىڭ بىر توپ قويى بوپتۇ. خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، بىر كۈنى پەرىشتە بۇ ئۈچ كىشىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن كەپتۇ. ئالدى بىلەن تېرە كېسەللى بار كىشىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا:

ـ مەن بىر نامرات، غېرىپ، ياقا يۇرتلۇق كىشى، يولدا پۇلۇم تۈگىدى. ۋەتىنىمگە كېتەلمىدىم، ۋەتىنىمگە كېتەلىشىم بۈگۈن ئالدى بىلەن ئاللاھنىڭ، ئاندىن كېيىن سېنىڭ ياردىمىڭگە باغلىق بولۇپ قالدى. ساڭا گۈزەل رەڭگى رۇخسارى ۋە ھۆسنى جامال، كۆپ مال بەرگەن ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن، ماڭا بىر تۆگە بەرسەڭ، شۇ تۆگىگە مىنىپ ۋەتىنىمگە كەتسەم، دەپتۇ. ئىلگىرى ئاق كېسەللى بولغان بۇ كىشى:

ياخشى، ئەمما نامراتلار بەك كۆپ، ھەر تىلەمچىگە بىر تۆگە بەرگىلى بولمايدۇ، دەپتۇ. پەرىشتە:

مەن سېنى تونۇيدىغاندەك قىلىمەن. سەن شۇ ئىلگىرى كىشىلەر يىرگىنىدىغان تېرە كېسەللى بار كىشى ئەمەسمۇ؟ سەن نامرات ئىدىڭ، بۇ ماللارنى ساڭا ئاللاھ بەرگەن ئىدى، دەپتۇ. بۇنىڭغا جاۋابەن تېرە كېسەللى كىشى:

ياق، قەسەم قىلىمەنكى، بۇ ماللار ماڭا ئاتا ـ بوۋامدىن مىراس قالغان ـ دەپتۇ، پەرىشتە: ئەگەر گېپىڭ يالغان بولسا، ئاللاھ سېنى ئىلگىرىكى ھالىتىڭگە ياندۇرىۋەتسۇن، دەپتۇ.

ئاندىن پەرىشتە تاز كىشىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا ئاق كېسەللى بار كىشىگە دېگەن گېپىنى تەكرارلاپتۇ. تازمۇ تېرە كېسەللى بار كىشى رەت قىلغاندەك رەت قىپتۇ. پەرىشتە ئۇنىڭغا:

www.munber.org



ئەگەر گېپىڭ يالغان بولسا ئاللاھ سېنى ئەسلى ھالىتىڭگە قايتۇرۇۋەتسۇن، دەپ بەددۇئا قىلىپتۇ. بۇ قېتىم پەرىشتە كۆزىنى ئاچقان قارىغۇ كىشىنىڭ يېنىغا كېلىپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ:

مەن نامرات ۋەتىنىمدىن يىراقتا قالغان غېرىپ بىر ئادەممەن، يولدا پۇلۇم تۈگەپ كەتتى ۋە يۇرتۇمغا كېتەلمىدىم. بۈگۈن مېنىڭ يۇرتۇمغا كېتەلىشىم، ئالدى بىلەن ئاللاھنىڭ ئۇنىڭدىن كېيىن سېنىڭ ياردىمىڭگە باغلىق بولۇپ قالدى. ساڭا كۆزلىرىڭنى قايتۇرۇپ بەرگەن ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ماڭا بىر قوي بەرسەڭ، مەن يولۇمنى داۋاملاشتۇرسام، دەپتۇ. قارىغۇ كىشى پەرىشتىگە:



- ھەقىقەتەن مەن قارىغۇ ئىدىم. ئاللاھ كۆزۈمنىڭ نۇرىنى ماڭا قايتا بەردى. نامرات ئىدىم. ئاللاھ مېنى باي قىلدى. مانا بۇلار قويلىرىم. خالىغانچە ئال، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۈگۈن مەندىن ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن نېمە تەلەپ قىلساڭ، ھەممىسىنى بېرىمەن، دەپتۇ.

پەرىشتە ئۇنىڭغا:

- مال ھەممىسى سېنىڭ بولسۇن، ئاللاھ ئۈچ كىشىنى سىنىدى. ئاللاھ سەندىن رازى بولدى. باشقا ئىككى دوستۇڭ ئاق كېسەللى بىلەن تاز



www.munber.org

ئاللاھنىڭ ئازابىغا ئۇچرىدى، دەپتۇ ۋە غايىب بوپتۇ.

# ھېكايىدىكى نەسىھەتلەر

شۈكۈر ئېيتىش نېمەتنى كۆپەيتىدۇ. نانكورلۇق نېمەتنىڭ قولدىن كېتىشىنىڭ سەۋەبى بولىدۇ. ئاللاھ بەرگەن نېمەتنى سۆزلەش، ئۇنىڭ قىممىتىنى چۈشەندۇرۇش شۈكۈر ئېيتقانلىقتۇر. بۇنى تەرك قىلىش نانكورلۇقتۇر.

ئىنسانلارنى مۇنداق ئىككى نەرسە ھالاك قىلىدۇ: كۆپ مال ـ دۇنيا يىغىشقا، ھېرىسمەن بولۇش ۋە كۆپ سۆزلەش.

ئىنسانىڭ تەقدىرى تىلى ئاستىدا ساقلانغان، ئىنسان ئەۋلادى جەننەتنى ياكى جەھەننەمنى تىلى بىلەن قولغا كەلتۈرىدۇ.

## ئىبادەت دېگەن نېمە؟

ئاللاھ قىل دېگەننى قىلىش، قىلما دېگەننى قىلماسلىق ئىبادەتتۇر.

## ئىبادەتلەرنىڭ مۇكاپاتى نېمە؟

بۇ دۇنيادىكى مۇكاپاتى ئاللاھ رازى بولىدىغان گۈزەل، بەختلىك ۋە ساغلام بىر ھاياتتا ياشاش، ئۇ دۇنيادا بولسا جەننەتكە كىرىشتۇر.

## نېمىشقا ئىبادەت قىلىمىز؟

بىزنى ۋە بارلىق نەرسىلەرنى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈرگەن ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ھېچقانداق نەرسىگە ئېھتىياجى يوق. بىزنىڭ ئىبادەتلىرىمىزگىمۇ ئېھتىياجى يوق. ئەمما بىز ئاللاھقا بولغان سۆيگۈ ۋە ھۆرمىتىمىز ئۈچۈن ئىبادەت قىلىمىز. ئاللاھقا بولغان ئېتىقادىمىزنى قۇللۇق ۋەزىپىمىزنى ئورۇنلاش ئارقىلىق كۆرسىتىمىز. ئىنساننىڭ سۆيۈش، سۆيۈلۈش، سېغىنىش... قاتارلىق خىلمۇخىل ئېھتىياجلىرى بار. بۇ جەھەتتە ئىنسان ئاللاھنىڭ ياخشى كۆرىشكە ئېرىشىش ۋە ئۇنىڭدىن پاناھ تىلەش ئېھتىياجىنى ھېس قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئىبادەت قىلىدۇ. ئۇندىن باشقا، ئاللاھنىڭ سان ـ ساناقسىز نېمەت ۋە ئېھسانلىرىغا (ياخشىلىقلىرىغا) تەشەككۈر ئېيتىش ئۈچۈنمۇ ئىبادەت قىلىمىز.

ئىبادەتلىرىمىزنىڭ مەقسىتى: ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ۋە سۆيگۈسىگە ئېرىشىش، ئىبادەت بىلەن كۈندىلىك تۇرمۇشىمىز رەتلىك، تەرتىپلىك بولىدۇ. ئەخلاقىمىز گۈزەللىشىدۇ ۋە تېخىمۇ پاكىزە بولىمىز.

www.munber.org

## باشقا مەخلۇقاتلارمۇ ئاللاھقا ئىبادەت قىلامدۇ؟

ھەئە، ھەرقانداق نەرسە ۋە شەيئىلەر ئۆز تىلى بىلەن ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدۇ.

## ئاللاھ بىزدىن نېمە تەلەپ قىلىدۇ؟

ئالدى بىلەن ئاللاھنى تونۇپ ياخشى كۆرۈشىمىز، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشىمىز، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىشىنىپ، بۇيرۇقلىرىغا رىئايە قىلىشىمىز، قىسقىسى: ياخشى بىر ئىنسان، ياخشى بىر مۇسۇلمان بولۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئاللاھنىڭ بىزدىن نىمىلەرنى تەلەپ قىلغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ”قۇرئان كەرىم“ ۋە تەپسىرلەرنى ئوقۇساق، تېخىمۇ تەپسىلي ۋە ياخشى بىلەلەيمىز.

## ئانىلارغا دەيمەنكى



- بالىڭىزغا تۇنجى دەيدىغان سۆزىڭىز، ئاللاھ بولسۇن.
- بالىڭىزغا تۇنجى تونىتىدىغان كىشى، پەيغەمبەر بولسۇن.
- بالىڭىزغا تۇنجى ئوقۇتىدىغان كىتاب، ”قۇرئان كەرىم“ بولسۇن.
- بالىڭىزغا تۇنجى بېرىلگەن بىلىم، ئىسلام بولسۇن.
- بالىڭىزغا تۇنجى ئۆگىتىلىدىغان دۇئا، شۈكۈر بولسۇن.
- بالىڭىزغا تۇنجى ئىمىتىدىغان سۈت، ھالال بولسۇن...

www.munber.org

# پەرىشتىلەرگە ئىمان ئېيتىش

پەرىشتە ـ نۇردىن يارىتىلغان، ئەركەك ۋە چىشى جىنس دەپ ئايرىلمايدىغان، يېيىش ـ ئىچىشتەك خۇسۇسىيەتلىرى بولمىغان، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئورۇنلايدىغان، خىلمۇخىل ئىشلارغا مەسئۇل نۇرانە مەۋجۇداتلاردۇر.

# پەرىشتىلەرنى كۆرگىلى بولامدۇ؟

پەرىشتىلەرنى كۆرەلەيمەيمىز. چۈنكى ئاللاھ كۆزىمىزنى ئۇلارنى كۆرەلەيدىغان شەكىلدە ياراتمىغان.

# دۇنيادا بىز كۆرەلمەيدىغان باشقا نەرسىلەرمۇ بارمۇ؟

ئەلۋەتتە بار، تەپەككۇر قىلىمىز، ئەقلىمىزنى كۆرەلمەيمىز. ئۆيىمىزنى يورۇتقان توكنى كۆرەلمەيمىز. شامال چىقىدۇ، دەل ـ دەرەخلەر لىڭشىيدۇ، شامالنى كۆرەلمەيمىز. بۇ چوڭ كائىناتنى ۋە بىزنى ياراتقان ئاللاھنىڭ بار ئىكەنلىكىنى بىلىمىز، ئەمما كۆرەلمەيمىز. خۇشال بولىمىز، بىئارام بولىمىز، ئەمما شۇ خۇشاللىق ۋە بىئاراملىق تۇيغۇلىرىنى كۆرەلمەيمىز.

# پەرىشتىلەر قانداق مەخلۇقلار؟ قاناتلىرى بارمۇ؟

پەرىشتىلەر شەكلى بار ۋە ئىنتايىن كۈچلۈك مەخلۇقلاردۇر.

پەرىشتىلەرنىڭ قاناتلىرى بار ئىكەنلىكىنى "قۇرئان" دىن بىلەلەيمىز. ئەمما قاناتلىرىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيمىز. پەرىشتىلەرنىڭ ئەسلى شەكلىنى پەيغەمبەرلەر كۆرگەن، نۇردىن يارىتىلغان ۋە نۇر تېزلىكىدە ھەرىكەت قىلىدىغان بىر مەخلۇقنىڭ قۇش قانىتىغا ئېھتىياجى يوقتۇر.

# پەرىشتىلەرنىڭ ۋەزىپىسى نېمە؟

پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ ئەسكەرلىرىدۇر. ئۇلار ئاللاھ ياراتقان قائىدە قانۇنىيەتنىڭ ئىشچىسى ۋە قاراۋۇللىرىغا ئوخشايدۇ. پەرىشتىلەرنىڭ ھەربىرىنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ۋەزىپىلىرى بار. ئۇلارغا ۋەزىپىلىرىگە ئاساسەن ئىسىم قويۇلغان.

www.munber.org

## كىشىلەر "پەرىشتىلەرگە ئوخشايدىغان بالا" دەيدىكەن ۋە پەرىشتىلەرنى قىزلارغا ئوخشىتىدىكەن، پەرىشتە بىزگە ئوخشامدۇ؟

پەرىشتىلەر ئىنسانلارغا ئوخشىمايدۇ، ئۇلار ئەر ـ ئايال دەپ ئايرىلمايدۇ، توي قىلمايدۇ، خالىغان شەكىلدىكى سۈرەتكە كىرەلەيدۇ، يەپ ئىچمەيدۇ ۋە قىيامەتكىچە هايات تۇرىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنى نېمە ئىش قىلىشقا بۇيرۇسا، شۇنى قىلىدۇ. ۋەزىپىلىرىدە هېچقانداق خاتالىق سادىر قىلمايدۇ. ئاللاھنىڭ ئەمرىگە مۇتلەق ئىتائەت قىلىدۇ. پەرىشتىلەر نۇردىن يارىتىلغان بولغاچقا، ئىنسانلار ئۇلارنى كۆرەلمەيدۇ.

## پەرىشتىلەر ئۆلەمدۇ؟

ئاللاھ پەرىشتىلەرنى قىيامەتتە ئۆلتۈرۈپ، ئاخىرەت هاياتى ئۈچۈن قايتا تىرىلدۈرىدۇ.

## پەرىشتىلەر كەلگۈسىنى ئالدىن بىلەمدۇ؟

پەرىشتىلەر پەقەت ئاللاھ ئۆزلىرىگە بىلدۈرگەننىلا بىلىدۇ.

پەرىشتىلەر نېمىلەرنى ياقتۇرىدۇ؟

پەرىشتىلەر پاك ـ پاكىزە مەخلۇقاتلاردۇر. ئۇلار خۇشپۇراقلارنى، ياخشىلىقلارنى، ئاللاھنى زىكىر قىلىشنى، قۇرئان ئوقۇغاننى، ئىنسانلارنىڭ بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرىشىنى، ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى، باللارغا مېهرى ـ شەپقەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى، چوڭلارغا هۆرمەت قىلغاننى، قىسقىسى: ياخشى ۋە گۈزەل بولغان هەرقانداق ئىشنى ياقتۇرىدۇ.

بۇنىڭ قارىمۇقارشىسى بولغان هەرخىل يامان ۋە ناچار ئىشلارنى ياقتۇرمايدۇ. بۇ ناچار ئىشلارنى پەقەت شەيتانلارلا ياخشى كۆرىدۇ.

## پەرىشتىلەرنىڭ ۋەزىپىلىرى نېمە؟

پەرىشتىلەرنىڭ ۋەزىپىلىرى ئاللاھقا هەمدۇسانا، تەسبىھ ئېيتىش (ئاللاھنىڭ شەنىنىڭ ئۇلۇغ ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش) ۋە نېمىگە بۇيرۇلسا، شۇنى قىلىش.

## بىز ئىسمىنى بىلىدىغان پەرىشتىلەر قايسىلار؟

ئىسمىنى بىلىدىغان پەرىشتىلەرنى چوڭ، ئۇلۇغ پەرىشتىلەر دەيمىز: بۇلار:

1 ـ جىبرىئىل: پەيغەمبەرلەرگە ۋەهيى يەتكۈزگۈچى ۋە كىتاب ئەكەلگۈچى.

www.munber.org

2 ـ مىكائىل: تەبىئەت ھادىسىلىرىگە مەسئۇل (يامغۇر، شامال دېگەندەك)

3 ـ ئىسرافىل: قىيامەت ۋاقتى كەلگەندە سۇر دېيىلىدىغان مۈڭگۈز شەكلىدىكى بىر نەرسىنى چېلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغۇچى، بۇ نەرسىدىن چىققان ئاۋازنى ئاڭلىغان ھەرقانداق جانلىق دەرھال ئۆلىدۇ. قىيامەتنى ۋە ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى بۇ پەرىشتە ئېلان قىلىدۇ.

4 ـ ئەزرائىل: جان ئېلىش ۋەزىپىسى بۇ پەرىشتىگە بېرىلگەن.

بۇ تۆت پەرىشتە پەرىشتىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ پەرىشتىلەردۇر. ئاللاھ پەرىشتىلەرگە ئەمرلەرنى بۇ تۆت پەرىشتە ئارقىلىق يەتكۈزىدۇ.

5 ـ مۇنكىر ـ نېكىر: قەبرىدە سوئال سورايدىغان پەرىشتىلەر.

6 ـ كىرامەن كاتىبىين: ئوڭ ۋە سول مۈرىمىزدە تۇرۇپ ئەمەللىرىمىزنى يازغۇچى پەرىشتە.

7 ـ ھافازا پەرىشتىلىرى: مۇھاپىزەت قىلغۇچى پەرىشتىلەر.

## جىبرىئىلنىڭ ۋەزىپىسى نېمە؟

جىبرىئىل پەرىشتىلەر ئىچىدە ئاللاھقا ئەڭ يېقىن بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ـ ئاللاھنىڭ ئەمرلىرىنى پەيغەمبەرلىرىگە يەتكۈزۈشتۇر. باشقا پەيغەمبەرلەرگە كىتابلارنى ۋە بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ”قۇرئان كەرىم“ نى ئۇ ئېلىپ كەلگەچىدۇر.

## پەيغەمبىرىمىز جىبرىئىل بىلەن قانداق كۆرۈشتى؟

رەببىمىزنىڭ بۇ سۆيۈملۈك پەرىشتىسى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئىنسان سۈرىتىگە كىرىپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا كېلەتتى. ئولتۇراتتى ۋە سۆزلىشەتتى.

## سۆزلەشكىنىنى باشقىلار كۆرگەنمۇ؟



بەزىدە كۆرگەن، ئەمما ئۇنىڭ پەرىشتە جىبرىئىل ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن.

## پەيغەمبىرىمىز جىبرىئىلنى پەرىشتە سۈرىتىدە بىرەر قېتىم كۆرگەنمۇ؟

شۇنداق، ئىككى قېتىم كۆرگەن.

بىر كۈنى سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھىرا غارىدا ئاللاھ


www.munber.org

ھەقىقەتەن تەپەككۇر قىلىپ ئولتۇرغاندا، ئالدىغا جىبرىئىل كەلگەن، جىبرىئىل پەيغەمبىرىمىزگە يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭغا:

ـ ئوقۇغىن! دېگەن، پەيغەمبىرىمىز:

ـ مەن ئوقۇشنى بىلمەيمەن ، دەپ جاۋاب بەرگەن. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبىرىمىزنى تەربىيىلەش، ئەكەلگەن ئايەتلەرنى ئۆگىتىش ئۈچۈن، ئۇنى چىڭ تۇتۇپ، يەنە شۇ سۆزنى تەكرارلىغان:

ـ ئوقۇغىن! پەيغەمبىرىمىز يەنە: مەن ئوقۇشنى بىلمەيمەن ـ دېگەن. جىبرىئىل يەنە ئۇنى قۇچاقلاپ، پەيغەمبىرىمىزنى ھالسىراپ كەتكۈچە چىڭ تۇتۇپ، ئاندىن:



ـ ئوقۇ! دەپ تەكرارلىغان.

پەيغەمبىرىمىز ئىنتايىن قورققان، ئوقۇشنى بىلمەيمەن، دېگەنىنىڭ كارغا كەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، تىترەك ئاۋازدا:

ـ نېمىنى ئوقۇيمەن؟ دەپ سورىغان، ئۇ ۋاقىتتا جىبرىئىل ئىنتايىن يېقىملىق ۋە گۈزەل بىر ئاۋازدا "قۇرئان" نىڭ زېمىنغا تۇنجى بولۇپ چۈشۈرۈلگەن دەسلەپكى مۇنۇ ئايەتلىرىنى ئوقۇغان:

﴿ئى مۇھەممەد! سېنى ياراتقان رەببىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن، ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى﴾ [سۈرە ئەلەق **1** ـ **5** ـ ئايەتكىچە].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتلەرنى ئاڭلىدى. ئايەتلەر خۇددى قەلبىگە يېزىلغاندەك بولدى.

جىبرىئىل ۋەزىپىسىنى تۈگىتىپ غايىب بولدى. پەيغەمبىرىمىز ئىنتايىن ھېرىپ كەتكەن ئىدى. ئارام ئېلىشقا بەك ئېھتىياجى بار ئىدى. ئۆيىگە بالدۇرراق كېتىشكە ئالدىرىدى. ئورنىدىن تۇرۇپ غاردىن چىقتى. تاغدىن پەسكە چۈشۈشكە باشلىدى. بۇنداق ئەھۋال تۇنجى قېتىم بېشىغا كەلگەن ئىدى. بۇ سەۋەبتىن ئىچىدە بىرخىل قورقۇنچ ۋە ئەندىشە بار ئىدى. جىبرىئىل پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ ئەھۋالنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىشقا ئۇرۇندى ۋە ئۇ يېقىملىق ئاۋازى بىلەن پەيغەمبىرىمىزنى چاقىردى. پەيغەمبىرىمىز بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۇپۇقتا تۇرغان جىبرىئىلنى كۆردى. ئۇ ئىنسان سۈرىتىدە ئىدى. ئۇ ئۇپۇقنى قاپلىغاندەك كۆرۈنەتتى. جىبرىئىل:

ـ ئى مۇھەممەد! سەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، مەن جىبرىئىل، دېدى. پەيغەمبىرىمىز ئوڭ تەرەپكە قارىدى. سول تەرەپكە قارىدى. قەيەرگە قارىسا، شۇ يەردە جىبرىئىلنى كۆردى. جىبرىئىل يەنە شۇ سۆزنى تەكرارلىدى:

www.munber.org

ـ ئى مۇھەممەد! سەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، مەن جىبرىئىل، پەرىشتەنىڭ يېقىملىق ئاۋازى ۋە كىشىنى ئىشەندۈرىدىغان سۆزلىرى پەيغەمبىرىمىزنى خاتىرجەم قىلدى.


## مىكائىلنىڭ ۋەزىپىسى نىمە؟

ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە رىزىق تەخسىمات ئىشلىرىنى قىلىدۇ. قار، يامغۇر يېغىش، يەر تەۋرەش قاتارلىق ھەممە ئىشنىڭ بىر سەۋەبى باردۇر. ئاللاھ بۇ سەۋەبلەرنى يارىتىدۇ. يەنى بىز تەبىئەت قانۇنلىرى دەپ ئاتىغان قانۇنىيەتنى ئاللاھ ياراتقان، مىكائىل ئىجرا قىلىدۇ.

## ئەزرائىلنىڭ ۋەزىپىسى نىمە؟

ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن پۈتۈن جانلىقلارنىڭ جېنىنى ئېلىشقا مەسئۇل.

## ئەزرائىل قورقۇنچلۇقمۇ؟



جان ئالغانلىقى ئۈچۈنلا ئەزرائىلدىن قورقۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئەزرائىل ئۆزىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرگەن بىركىمنىڭ جېنىنى ئالالمايدۇ. ئاللاھ ئۇنى نىمگە بۇيرۇسا، پەقەت شۇنىلا قىلالايدۇ. ئەزرائىلنىڭ جېنىمىزنى ئالىدىغان پەرىشتە ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. كۆپچىلىكىمىز ئەزرائىلدىن قورقىمىز. ئەزرائىل ھەقىقەتەن قورقۇنچلۇقمىدۇ؟ ياق، چۈنكى بىز قىممەتلىك بۇيۇملىرىمىزنى بىخەتەر يەردە ساقلايمىز. ئەزرائىلمۇ روھىمىزنى ساقلايدىغان بىر ئامانەتچىدۇر. روھىمىزنى يوقىتىۋەتمەي ساقلايدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئەزرائىلدىن ئاغرىنماي، ئۇنى ياخشى كۆرۈش كېرەك.

## بىرلا ۋاقىتتا نۇرغۇن ئىنسان ياكى جانلىق ئۆلۈشى مۇمكىن، ئەزرائىل بۇلارنى يالغۇز قانداق بىر تەرەپ قىلىدۇ؟

بارلىق چوڭ پەرىشتىلەرنىڭ ئەمرىدە (قول ئاستىدا) سان ـ ساناقسىز پەرىشتىلەر بار. ئەزرائىلنىڭ ئەمرىدىمۇ جان ئېلىشقا مەسئۇل نۇرغۇن ياردەمچى پەرىشتىلىرى بار.

www.munber.org

## بىر جانلىقنىڭ ئۆلۈش ۋاقتى كەلگەندە، ئەزرائىلدىن بىرئاز مۆھلەت تەلەپ قىلغىلى بولامدۇ؟

ياق، ئەزرائىلنىڭ بۇنداق مۆھلەت بېرىش ھوقۇقى يوق. بۇ ئىش بىر سېكۇنت ئىلگىرى - كېيىن بولمايدۇ. بۇيرۇق ئاللاھتىن كېلىدۇ. ئاللاھ خالىغان ھامانلا ئەزرائىل ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىدۇ.

ئەزرائىل بىرلا ۋاقىتتا نۇرغۇن ئىنسانلىنىڭ جېنىنى قانداق ئالىدۇ؟

روھىمىزنى يېنىپ تۇرغان بىر ئېلېكتىر لامپىغا، ئۆلۈمنى بولسا ئۆچكەن بىر لامپىغا ئوخشىتىشقا بولىدۇ. ئۆيىمىزگە توك ئەكەلگەن توك سىملىرى بىر ئېلېكتىر باش ئاپپاراتىغا باغلانغان. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ باش ئاپپاراتتا ئىشلەۋاتقان بىر ئىنژېنېر قول ئاستىدىكى بىر ئىشچىغا: "پالانى كوچىنىڭ توكىنى ئۆچۈر" دېيىش بىلەنلا نېمە بولىدۇ؟ بىلەمسىز؟ ئۇ ئىشچى شۇ كوچىنىڭ توكىنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن كونۇپكىسىنى بىرلا باسسا، شۇ زامان نەچچە مىڭ ئۆيدىكى لامپىلار ئۆچىدۇ.

بۇنىڭغا قاراپ، روھىمىزنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەس سىملار بىلەن ئەزرائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدىكى كونۇپكىلىرىغا باغلانغانلىقىنى چۈشىنەلەيمىز. بۇ ئەھۋالدا، ئەزرائىلنىڭ بىر كونۇپكىغا بېسىشى بىلەنلا، نەچچە مىڭ روھنىڭ ئۆچۈپ كېتىشى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇدەك قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا يۈز بېرىدۇ.

ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز چوڭ پەرىشتىلەرنىڭ قول ئاستىدا نەچچە مىليون پەرىشتىلەرنىڭ بار ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. ئەزرائىلنىڭ ئۇلارغا بىر بۇيرۇق بېرىشى بىلەنلا، بۇنچە كۆپ پەرىشتىنىڭ نەچچە يۈزمىڭ جاننى بىرلا ۋاقىتتا ئېلىشى تەس ئەمەسقۇ؟

## ئىسرافىلنىڭ ۋەزىپىسى نېمە؟

ئىسرافىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى - قىيامەت كۈنى كەلگەنلىكىنى ھەممە كىشىگە بىلدۈرۈشتۇر.

## قىيامەت دېگەن نېمە؟

قىيامەت - دۇنيانىڭ تۈگىشى - ئاخىرلىششى دېگەنلىكتۇر.

## دۇنيا قانداق يوق بولىدۇ؟

ئاخىر زامان (دۇنيانىڭ ئاخىرلىشىش ۋاقتى) كەلگەندە، ئاللاھ تائالا بۇ ئەھۋالنى ئىسرافىلغا بىلدۈرىدۇ. ئۇ چاغدا ئىسرافىل سۇر چالىدۇ.

www.munber.org

## سۇر دېگەن نېمە؟

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، سۇر مۈڭگۈز شەكىللىك بىر سۇنايدۇر. بۇ سۇنايىنى ئىسرافىل چالغاندا، ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ۋە دەھشەتلىك بىر ئاۋاز پۈتۈن دۇنيانى لەرزىگە سالىدىكەن. بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان ھەرقانداق جانلىق شۇ ھامان ئۆلىدىكەن. بۇ ئاۋاز بىلەن تەڭ يەنە يەر بىلەن ئاسمان قالايمىقانلىشىپ، قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلار يەرگە تۆكۈلۈپ، پارچىلىنىپ چاڭ ـ توزاڭدەك بولۇپ كېتىدۇ.

## قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقى ئېنىقمۇ؟

ياق، ئېنىق ئەمەس، بۇنى يالغۇز ئاللاھ لا بىلىدۇ. ھەتتا ئىسرافىل ئەلەيھىسسالاممۇ بىلمەيدۇ.

## قىيامەتنىڭ باشلانغانلىقىنى ئىنسانلارمۇ كۆرەمدۇ؟

پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىلدۈرىشىچە، ئاللاھقا ھەقىقەتەن ئىمان ئېيتقانلار قىيامەتنىڭ دەھشىتىنى كۆرمەيدۇ. چۈنكى ئاللاھ مۆمىنلەرنىڭ روھلىرىنى ئىلگىرى ئالىدۇ. قىيامەت باشلانغان زاماندا، يەر يۈزىدە ساپلا ئەسكى، ناچار ئىنسانلار، ئاللاھقا ئىمان ئېيتمىغانلار قالىدۇ.

## بارلىق ئىنسانلار ئۆلۈپ، قىيامەت بولغاندىن كېيىن قانداق ئىشلار بولىدۇ؟

ئىسرافىل بىرىنچى قېتىم سۇر چالغاندىن كېيىن ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم قالمايدۇ: (ھەممە جانلىق ئۆلىدۇ) ئاللاھ خالىغان بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئاللاھ ئىسرافىلغا سۇرنى ئىككىنچى قېتىم چېلىشقا بۇيرۇيدۇ. بۇ دەھشەت سۇر ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئىنسانلار قايتا تىرىلىپ، ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك ئورنىدىن تۇرىدۇ. ھاياتىدا قىلغان ـ ئەتكەن ئىشلىرىنىڭ ھېسابىنى بېرىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا توپلىنىدۇ.

## ئىنسانلار تەكرار تىرىلىدىغان ئاخىرەت ھاياتىدا ئۆلۈم بارمۇ؟

ياق، ئۇ يەردە ئۆلۈم يوقتۇر.

مۇنكىر ـ نەكىرلەرنىڭ ۋەزىپىسى نېمە؟

مۇنكەر ـ نەكىر ئىسىملىك پەرىشتىلەر بىزنى قەبرىدە ساقلاۋاتقان سوئال سورايدىغان پەرىشتىلەردۇر. ئۆلگەن كىشىلەردىن. "رەببىڭ كىم؟ پەيغەمبىرىڭ كىم؟ كىتابىڭ نېمە؟ قىبلەڭ قەيەر؟" دېگەن سوئال سورىلىدۇ. ئىنسانلار دۇنيادا ئىسلامغا ئۇيغۇن بىر ھايات ياشىغان بولسا، ئۇيەردە بۇ سوئاللارغا ئاسان جاۋاب بېرەلەيدۇ.

www.munber.org

## كىرامەن كاتىبىين پەرىشتىلىرىنىڭ ۋەزىپىسى نېمە؟



كىرامەن كاتىبىين شەرەپلىك كاتىبلار دېگەنلىكتۇر. كىرامەن كاتىبىن پەرىشتىلەرنىڭ ۋەزىپىسى ـ ھەر ئىنساننىڭ ياخشىلىقى ۋە يامانلىقىنى يېزىپ خاتىرلەشتۇر. ئۇلار ئىنسانلارنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىدە تۇرىدۇ. ئوڭ تەرەپتىكى پەرىشتە ياخشىلىقلارنى، سول تەرەپتىكى پەرىشتە يامانلىقلارنى يازىدۇ. يېزىلغانلار قىيامەت كۈنى ئەمەل دەپتىرى سۈپىتىدە بېرىلىدۇ. ياخشىلىقى كۆپ ئىنسانغا دەپتىرى ئوڭ تەرەپتىن، ئەسكىلىكى، ناچارلىقى كۆپ ئىنسانغا دەپتىرى سول تەرەپتىن بېرىلىدۇ. ئاللاھ ئىنسانلارنى بۇ ئەمەل دەپتىرىگە ئاساسەن يا مۇكاپاتلايدۇ، يا جازالايدۇ.

## كىرامەن كاتىبىن پەرىشتىلىرى ئىنساندىن ھەرگىزمۇ ئايرىلمامدۇ؟

ھەئە، بۇ پەرىشتىلەر ئىنساننىڭ يېنىدىن ھەرگىزمۇ ئايرىلمايدۇ. سۆزلىگەن سۆز ۋە قىلغان ئىشلارنى شۇ زامان خاتىرلەپ يازىدۇ. ئەمما ياخشىلىقىمىزنى يازىدىغان پەرىشتە دەرھال يازىدۇ. ئەسكىلىكىمىزنى يازىدىغان پەرىشتە بولسا ”ئەسكىلىكتىن ۋاز كېچەرمىكىن، تەۋبە قىلارمىكىن“ دەپ بىر ئاز ساقلايدۇ. ئەسكىلىكتىن يانمىسا يازىدۇ. شۇڭا بىر يامان ئىشنى ئويلىغاندا، بۇ ئىككى پەرىشتىنىڭ قىلغان ـ ئەتكەن سۆزلىگەنلىرىمىزنى يېزىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، ئەسكى ئىشتىن دەرھال ۋاز كېچىشىمىز كېرەك.

## پەرىشتىلەر ئىنسانلارغا ياردەم قىلامدۇ؟

شۇنداق، پەرىشتىلەر ئىنسانلارغا ياردەم قىلىدۇ. پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن: «كىم ئىچىدە ياخشىلىققا چاقىرغان بىر ئاۋازنى ئاڭلىسا، بىلسۇنكى، ئۇ ئاۋاز پەرىشتىنىڭ ئاۋازىدۇر. دەرھال شۇ بويىچە ئىش قىلسۇن، كىم ئىچىدە يامانلىققا چاقىرغان بىر ئاۋازنى ئاڭلىسا، بىلسۇنكى، ئۇ ئاۋاز شەيتاننىڭ ئاۋازىدۇر. ئۇنىڭدىن ئۇزاقلاشسۇن ۋە ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلىسۇن».

## پەرىشتىلەر ئىنسانلارغا خەيرلىك (ياخشى) دۇئا قىلامدۇ؟

شۇنداق قىلىدۇ. ”قۇرئان كەرىم“ دە پەرىشتىلەرنىڭ دۇئا قىلغانلىقى ھەققىدە بايانلار بار: ”پەرىشتىلەر ئاللاھقا ئىشەنگەن كىشىلەر ئۈچۈن مۇنداق دۇئا قىلىدۇ:

﴿پەرۋەردىگارىمىز! سېنىڭ رەھمىتىڭ ۋە ئىلمىڭ ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، تەۋبە قىلغانلارغا ۋە سېنىڭ يولۇڭغا ئەگەشكەنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن، ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! سەن

www.munber.org

ئۇلارنى، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن، ئاياللىرىدىن، ئەۋلادلىرىدىن ياخشى بولغانلارنى ئۇلارغا ۋەدە قىلغان مەڭگۈلۈك جەننەتكە كىرگۈزگىن، سەن ھەقىقەتەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن. پەرۋەردىگارىمىز! سەن ئۇلارنى يامان ئىشلاردىن ساقلىغىن، سەن كىمنى يامان ئىشلاردىن ساقلايدىكەنسەن، شۇبھىسىزكى، بۇ كۈندە سەن ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغان بولىسەن، بۇ چوڭ بەختتۇر﴾ [سۈرە غافىر 7 ــ، 9 ـ ئايەتكىچە.

## ھافازا پەرىشتىلىرىنىڭ ۋەزىپىسى نېمە؟

ھافازا پەرىشتىلىرىنىڭ ۋەزىپىسى ئىنسانلارنى بەزى پالاكەتلەردىن مۇھاپىزەت قىلىشتۇر.

## رەھمەت ۋە ئازاب پەرىشتىلىرىنىڭ ۋەزىپىسى نېمە؟

ئاللاھقا كۈچلۈك مۇھەببەت ۋە ھۆرمىتى بار كىشىلەرنىڭ يېنىدىن پەقەت ئايرىلمايدىغان رەھمەت پەرىشتىلىرى بار. بۇ پەرىشتىلەر ياخشى كىشىلەرگە ياردەم قىلىدۇ. مەسىلەن: ئۇرۇشتا قىيىن ئەھۋالدا قالغان مۇسۇلمانلار ئاللاھتىن ياردەم تىلەش بىلەن تەڭ ئۇلۇغ ئاللاھ بۇ پەرىشتىلەرنى ئەۋەتىدۇ. ئۇلار مۇسۇلمانلارغا ياردەم قىلىدۇ. ئىنسان سۈرىتىدە كەلگەن بۇ پەرىشتىلەر رەھمەت پەرىشتىلىرىدۇر.

## ئىنسان پەرىشتىلەر دەرىجىسىگە يۈكسىلەلەمدۇ؟

شۇنداق، يۈكسىلەلەيدۇ. ئىمان، ياخشىلىق ۋە ئىبادەتتە ئىخلاسمەن بولغان ئىنسان پەرىشتىلىرىدىنمۇ ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن. ئىنكار، ئىسيان ۋە گۇناھتا ئەزۋەيلىگەن ئىنسانلار ھايۋانلاردىنمۇ پەس بولۇپ كېتىشى مۇمكىن. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مىراج كېچىسى ئاللاھنىڭ يېنىغا چىققاندا، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنى سىرتتا ساقلاپ تۇرغان ئىدى.

**ھېكايە:**

## يۈز كىشىنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنىڭ تەۋبىسى

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز **100** كىشىنى ئۆلتۈرگەن بىر قاتىلنىڭ تەۋبىسى ھەققىدە سۆزلەپ مۇنداق دېگەن ئىدى:

بىزدىن ئىلگىرى ياشىغانلار ئىچىدە توقسان توققۇز كىشىنى ئۆلتۈرگەن بىر ئادەم بار ئىدى. بۇ كىشى بۇرۇن قىلغانلىرىغا پۇشايمان قىلدى. يامان يولنى تاشلاپ ياخشى بىر ئادەم بولۇش قارارىغا كەلدى. مەن ئۈچۈن بىر چىقىش يولى بارمىدۇ؟ دەپ ئىزدەپ سوراشقا باشلىدى. ئۇچرىغانلىكى كىشىدىن يەر يۈزىدىكى ئەڭ بىلىملىك كىشى كىم؟ دەپ سورىدى. خىيالىدا يەر يۈزىدىكى ئەڭ بىلىملىك كىشى مېنىڭ دەردىمگە بىر

www.munber.org

داۋا بېرەر، مېنى يامان يولدىن قۇتقۇزار دەپ ئويلىغان ئىدى. ئۇنىڭغا باشقىلار بىر خرىستىئان دىنى زات (راھىپ) نى تەرىپلەشتى. ئۇ راھىپنىڭ يېنىغا بېرىپ:



- راھىپ ئەپەندى! مەن توقسان توققۇز كىشىنى ئۆلتۈردۈم، ئەمدى قىلغانلىرىمغا بەكلا پۇشايمان قىلىۋاتىمەن. ئاللاھنىڭ مېنى ئەپۇ قىلىشىنى تىلەيمەن. ئاللاھ مېنى كەچۈرەرمۇ؟ تەۋبەمنى قوبۇل قىلارمۇ؟ دەپ سورىدى. راھىپ:

- سەن ئىنتايىن چوڭ گۇناھ قىپسەن. ئاللاھ سېنى كەچۈرمەي، تەۋبەڭنى قوبۇل قىلمايدۇ، دېدى. قاتىل قۇتۇلۇش ئۈمىدى قالمىغانلىقىنى ئاڭلاپلا غەزەپلىنىپ راھىپنى ئۆلتۈرۈپ ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتىنى يۈزگە يەتكۈزدى.


بۇ ئادەم يەر يۈزىدىكى ئەڭ بىلىملىك كىشىنى ئىزدەشنى داۋاملاشتۇردى. باشقىلار ئۇنىڭغا يەنە بىر ئالىم كىشىنى تونۇشتۇردى. ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۆزىنىڭ 100 كىشىنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ۋە پۇشايمان قىلىپ تەۋبە قىلماقچى بولغانلىقىنى بايان قىلدى. ئەجەبا ئاللاھ مېنى كەچۈرەرمۇ؟ دەپ سورىدى. ئالىم:

- ئەلۋەتتە ئاللاھ سېنى كەچۈرۈم قىلىدۇ. پەقەت سەن قاتتىق پۇشايمان قىلغان بولساڭلا! بۇندىن كېيىن قەتئىي بۇنداق ئىشنى قىلمايمەن رەببىم! دەپ ئاللاھقا ۋەدە قىل، دېدى. ئالىم سۆزلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

- ياخشى ئىنسان بولۇشنىڭ باشقا بىر شەرتى - ياخشى ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا ياشاشتۇر.

www.munber.org

سەن ياشىغان مۇھىت ناچار بىر يەردۇر. سەن ئەمدى پالانى شەھەرگە بار. ئۇ يەردە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغانلار بار. سەنمۇ ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ئاللاھقا ئىبادەت قىل ۋە ئۆز شەھىرىڭگە قايتا كەلمە ـ دېدى.



گۇناھكار ئادەم ئالىم تەۋسىيە قىلغان يەرگە كېتىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. يېرىم يولغا كەلگەندە ئەجىلى توشۇپ ئۆلدى.

ئۆلگەن ھەرقانداق ئىنساننىڭ روھىنى پەرىشتىلەر ئېلىپ كېتىدۇ. ياخشى ئىنسانلارنىڭ روھىنى رەھمەت پەرىشتىلىرى، يامان ئىنسانلارنىڭ روھىنى ئازاب پەرىشتىلىرى ئېلىپ كېتىدۇ.

بۇ يۈز كىشىنىڭ قاتىلى ئۆلۈشى بىلەنلا، ئۇنىڭ روھىنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن رەھمەت ۋە ئازاب پەرىشتىلىرى كەلدى. رەھمەت پەرىشتىلىرى:

ـ بۇ ئادەم ئىنتايىن سەممىي تەۋبە قىلدى. قىلمىشلىرىغا پۇشايمان قىلدى. شۇڭا ئۇنىڭ روھىنى بىز ئېلىپ كېتىمىز ، دېدى. ئازاب پەرىشتىلىرى:

ـ بۇ ھېچقانداق ياخشى ئىش قىلمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە **100** جاننى ئۆلتۈردى. شۇڭا بىز ئېلىپ كېتىمىز، دېدى. پەرىشتىلەر مۇشۇنداق تارتىشىپ تۇرغاندا، ئاللاھ باشقا بىر پەرىشتىنى ئىنسان سۈرىتىدە ئەۋەتتى، پەرىشتىلەر ئۇنى ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. بۇ پەرىشتە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ دەۋاسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

ـ ئۇ كەلگەن يەر بىلەن بارماقچى بولغان يەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇساپىنى ئۆلچەڭلار، بۇ يەرگە كەلگەن يەرگە يېقىنمۇ ياكى بارماقچى بولغان يەرگە يېقىنمۇ؟ شۇنىڭغا ئاساسەن ئېلىپ كېتىڭلار دېدى. ئۇلار ئۆلچىدى. نەتىجىدە ئۇ كىشىنىڭ بېرىشقا ئارزۇ قىلغان ياخشىلارنىڭ شەھىرىگە بىر قەدەم يېقىن ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. بۇنىڭدىن رەھمەت پەرىشتىلىرى خۇشال بولدى ۋە ئۇنى دەرھال ئېلىپ كەتتى.



www.munber.org

ھېكايىدىكى نەسىھەتلەر:

ئىسلام ئالىملىرى، ئۇمىد بىلەن قورقۇش ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئارىلىقتا تۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆرگەن. ”ئاللاھ مېنى بەربىر ئەپۇ قىلىدۇ“ دېگەن كۆز قاراش خاتا بولغاندەك ”ئاللاھ مېنى كەچۈرمەيدۇ“ دېگەن كۆز قاراشمۇ خاتا ۋە چوڭ گۇناھتۇر.

تەۋبە ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىراڭلار، چۈنكى ئۆلۈمنىڭ قاچان كېلىدىغانلىقىغا بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ. ئەگەر قاتىل تەۋبىسىدە بىر ئاز كېچىككەن بولسا قانداق بولاتتى؟!

## خازىن ۋە مالىكنىڭ ۋەزىپىسى نېمە؟

خازىن جەننەتنىڭ دەرۋازىۋىنى، مالىك جەھەننەمنىڭ دەرۋازىۋىنى.

## يەنە باشقا پەرىشتىلەرمۇ بارمۇ؟

بىز سانىنى بىلمەيدىغان، سان ـ ساناقسىز كۆپ پەرىشتىلەر بار. ھەر بىر گۇلنىڭ ئۆز تىلى بىلەن ئاللاھقا قىلغان ئىبادىتىنى ئاللاھقا يەتكۈزگۈچى پەرىشتىلەر بار بولغاندەك، ھەربىر يامغۇر تامچىسى ۋە ھەربىر تال قار گۈلىنى ياغدۇرغان پەرىشتىلەرگە قەدەر، نۇرغۇن ۋە ھەرخىل پەرىشتىلەر باردۇر. ھەتتا يۇلتۇزلارمۇ پەرىشتىلەر بىلەن تولغاندۇر.

## جىن ۋە شەيتانلارمۇ پەرىشتىلەردىن ھېسابلىنامدۇ؟

ياق، جىن ۋە شەيتانلار ئوتتىن يارىتىلغان، پەرىشتىلەر بولسا نۇردىن يارىتىلغان، پەرىشتىلەر، شەيتانلار ۋە جىنلار ماددىي جىسىم بولمىغانلىقى ئۈچۈن كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ. جىنلار ئىنسانلارغا ئوخشايدۇ، ياخشىلىرىمۇ، ئەسكىلىرىمۇ بار. ئاللاھ بىزگە ئوخشاش ئۇلارىدىنمۇ ئىمتىھان ئالماقتا. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە ﴿جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ياراتتىم﴾ دېگەن. [سۈرە زارىيات **56** ـ ئايەت].

## جىنلار بىزگە زىيان سالامدۇ؟

”قۇرئان“ دىكى ئايەتلەردىن جىنلارنىڭ بار ئىكەنلىكىنى، ئىنسان يارىتىلىشتىن ئىلگىرى جىنلارنىڭ ئوتتىن يارىتىلغانلىقىنى، ھەرخىل شەكىللەرگە ئۆزگىرەلەيدىغانلىقىنى بىلىدۇق. ئىنسانلارغا سەۋەبسىز ھالدا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈشى مۇمكىن ئەمەس.

www.munber.org

## جىنلار پەيغەمبىرىمىزگە ئىمان ئېيتقانمۇ؟

جىنلارنىڭ بىر قىسمى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئالالاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىپ ئىمان ئېيتقان، ئىمان ئېيتمىغان بىر قىسىم جىنلار بولسا شەيتاننىڭ ياردەمچىلىرى بولغان.

## شەيتانمۇ جىنلارغا ئوخشامدۇ؟

شەيتان جىنلارنىڭ ئاتىسى سالاھىيىتىدە، شەيتان ئىنساندىن ئىلگىرى يارىتىلغان، ئۇ ئەسلىدە بەك بىلىملىك ئىدى. بۇ سەۋەبتىن پەرىشتىلەرگە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان ۋە جەننەتتە ياشىغان.

## شەيتان ئەسلى جەننەتتە ئىكەن، نېمىشقا بىزگە دۈشمەن بولدى ۋە ئالالاھنىڭ رەھمىتىدىن قوغلاندى؟

ئالالاھ تۇنجى ئىنساننى، يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى تۇپراقتىن ياراتتى. ئاندىن پەرىشتىلەر ۋە شەيتانغا:

- ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار! دېدى. پەرىشتىلەر دەرھال سەجدە قىلدى. ئەمما شەيتان ئىنتايىن تەكەببۇر ئىدى. سەجدە قىلمىدى. الله:

- نېمىشقا سەجدە قىلمايسەن؟ دەپ سورىغاندا:

- چۈنكى، مېنى ئوتتىن ياراتتىڭ، ئادەمنى تۇپراقتىن ياراتتىڭ، ئوت تۇپراقتىن ئۈستۈندۇر، دېدى.

ئالالاھ تائالا ئۆز ئەمرىگە قارشى چىققان ۋە تەكەببۇرلۇق قىلغان شەيتانغا غەزەپ قىلىپ، ئۇنى جەننەتتىن قوغلىدى. ئۇندىن كېيىن مەڭگۈگە ئالالاھنىڭ رەھمىتىدىن مەھرۇم قىلىندى. يەر يۈزىگە چۈشكەن شەيتان پۇشايمان قىلىپ كەچۈرۈم سورىماي، يەنە ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئەۋلادىغا دۈشمەن بولدى.

- جەننەتتىن قوغلىنىشىمغا ئىنسان سەۋەب بولدى. مەنمۇ ئۇلارنىڭ چوقۇم توغرا يولدىن چىقىرىمەن. ئۆڭدىن، سولدىن، ئالدىدىن، ئارقىسىدىن ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇلارنى ئالدايمەن، ئۇلارنى گۇناھكار قىلىمەن. ئالالاھقا قارشى ئىسيان قىلدۇرىمەن. شۇنداق قىلسام ئالالاھ ئۇلارغا غەزەپلىنىپ ماڭا ئوخشاش ئۇلارنىمۇ جەھەننەمگە كىرگۈزىدۇ دېدى، شەيتان.

ئالالاھ ئۇنىڭغا قىيامەتكىچە مۆھلەت بەردى. ئۇ كۈندىن باشلاپ شەيتان ئىنسان بالىلىرىغا يامان ئىشلارنى قىلىشنى، ياخشى ئىش قىلماسلىقنى پىچىرلاپ، كەلمەكتە. ئەمما ئۇ، پەقەت پىچىرلايدۇ. ياخشىلىقلارنى، يامانلىقلارنى قىلغان يەنىلا ئىنساندۇر.

www.munber.org

## شەيتان بىزنىڭ نېمە قىلىشىمىزنى خالايدۇ؟

شەيتان دائىم بىزنى ئەسكى، ناچار ئىشلارنى قىلىشقا قىزىقتۇرىدۇ. ياخشى ئىش قىلىش، توغرا سۆزلەش، ئاتا ـ ئانىغا ھۆرمەت قىلىش قاتارلىق ئىشلىرىمىزنى ياخشى كۆرمەيدۇ. يامانلىق قىلىشىمىزنى، باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشىمىزنى، ئىنسانلارنى بىر ـ بىرىگە دۈشمەن قىلىشىمىزنى، ھاراق ئىچىپ قىمار ئوينىشىمىزنى ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ناچار ھەرىكەتلەرنى قىلىشىمىزنى خالايدۇ. ئەسكى، ناچار ئىشلار تۈپەيلى دەرت ـ كۈلپەت ئىچىدە قالساق، كۈلىدۇ. ھەتتا ئاخىرەتتە ئازابقا ئۇچرىغانلار: ”بىزگە يامان ئىشنى شەيتان قىلدۇردى“ دېگەندە، شەيتان: ”ئۆزۈڭ قىلدىڭ، مېنىڭ دېگەنلىرىمنى قىلىش مەجبۇرىيىتىڭ يوق ئىدى“ دەپ ئۆزىنى ئاقلايدۇ.

## شەيتاندىن قانداق ساقلىنىمىز؟

شەيتاندىن ۋە يامان يولغا باشلايدىغان ئىنسانلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بىلىملىك بولۇشىمىز لازىم. ئاللاھنىڭ ئەمىرلىرى قايسىلار؟ بۇلارنى پىششىق بىلىشىمىز لازىم. ئۇندىن باشقا تۇزاقلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن بىلگەنلىرىمىزگە ئەمەل قىلىپ ياشىشىمىز لازىم. ئەتراپىمىزدىكى بىز ئارىلاشقان ئىنسانلار ياخشى بولۇشى كېرەك، بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە دۇئا قىلىشىمىز، ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلىشىمىز لازىم.

**ھېكايە:**

## ئوغرىلىق قىلىۋاتقاندا تۇتۇلغان شەيتان

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:



- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى توپلانغان رامىزان زاكاتلىرىنى ساقلاشقا تەيىنلىگەن ئىدى. شۇ چاغدا بىر قارا ئادەم كېلىپ زاكات بوغدايدىن ئۇچۇملاپ ئېلىشقا باشلىدى. مەن دەرھال ئۇنى تۇتۇۋالدىم ۋە:

- سېنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارىمەن - دېدىم. ئۇ:

- مەن پېقىر ۋە موھتاج ئادەممەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بالىلىرىم كۆپ، ئۇلارنى باقمىسام بولمايدۇ. مەن نامرات، ئېھتىياجىم چىق - دېدى. مەن ئۇنى قويۇپ بەردىم. ئەتىگەندە پەيغەمبەر

www.munber.org

ئەلەيھىسسالام:



- ئى ئەبۇھۇرەيرە! ئاخشامقى ئوغرىنى قاندا قىلدىڭ؟ دەپ سورىدى. مەن:

- ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! ئۇ ماڭا ھاجەتمەن ئىكەنلىكىنى، كۆپ بالىلىرى بارلىقىنى سۆزلەپ دەردىنى تۆكتى. ئىچىم ئاغرىپ قويۇپ بەردىم، دېدىم.

- «ئەمما ئۇ ساڭا چوقۇم يالغان گەپ قىلدى. ئېسىڭدە بولسۇن، ئۇ بۈگۈن يەنە كېلىدۇ» دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام. بۇ سۆزدىن گۇمانلىق كىشىنىڭ تەكرار كېلىدىغانلىقىنى بىلدىم. ئۇنى ساقلاشقا باشلىدىم. دەل شۇ چاغدا ئۇ يەنە كەلدى ۋە بۇغدايلاردىن ئۇچۇملاپ ئېلىشقا باشلىدى، مەن دەرھال ئۇنى تۇتۇۋالدىم:

- سېنى چوقۇم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئاپىرىمەن، دېدىم.

- مېنى قويۇۋەت، مەن ھەقىقەتەن موھتاج بىچارە ئادەممەن، بىرمۇنچە بالىلىرىم بار. بۇندىن كېيىن ئوغرىلىق قىلمايمەن، دېدى. ئۇ يالۋۇرۇپ، مېنىڭ يەنە ئىچىم ئاغرىدى ۋە قويۇپ بەردىم. ئەتىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئى ئەبۇھۇرەيرە! تونۇگۈن كېچىدىكى ئوغرىنى قانداق قىلدىڭ؟ دېدى. مەن:

- ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئۇ ماڭا نامرات، بىچارىلىقىنى، ئۇششاق بالىلىرى بارلىقىنى ئېيتتۇبدى، ئىچىم ئاغرىپ قويۇۋەتتىم، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئۇ يالغان سۆزلىدى، لېكىن يەنە كېلىدۇ، دېدى.

www.munber.org

ئۆچىنچى قېتىم يەنە كۆزەتچىلىك قىلدىم. دېگەندەكلا يەنە كەلدى ۋە بۇغدايلاردىن ئوچۇملاپ ئېلىشقا باشلىدى. ئۇنى يەنە تۇتۇۋالدىم:

- سېنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا جەزمەن ئاپىرىمەن، بۇ ئۈچىنچى قېتىم كېلىشىڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇندىن كېيىن كەلمەيمەن، دەپ قويۇپ يەنە كەلدىڭ، دېدىم. ئۇ ماڭا يالۋۇرۇپ مۇنداق دېدى:

- مېنى قويۇپ بەرگىن، ساڭا بىر قانچە سۆز ئۆگىتىپ قوياي، ئاللاھ ساڭا ئۇنىڭ پايدىسىنى كۆرسەتسۇن، دېدى. مەن:

- قانداق سۆزلەر ئۇ؟ قېنى سۆزلە!، دېدىم. ئۇ ماڭا:

- ئاخشىمى ئۇخلاش ئالدىدا ئايەتۇلكۇرسىنى باشتىن - ئاخىرى ئوقۇ، شۇنداق قىلساڭ ئاللاھ سېنى قوغدايدىغان بىر پەرىشتە ئەۋەتىدۇ. سەھەر ۋاقتىغىچە شەيتان ساڭا يېقىن كېلەلمەيدۇ، دېدى. مېنىڭ يەنە ئىچىم ئاغرىپ قويۇپ بەردىم. ئەتىگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- «تۈنۈگۈن ئاخشام كەلگەن ئوغرىنى قانداق قىلدىڭ؟» دەپ سورىدى. مەن:

- ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ ماڭا بىر قانچە سۆز تەلىم بېرىدىغانلىقىنى، بۇ سۆزلەر ئارقىلىق ئاللاھنىڭ ياردىمىگە نائىل بولالايدىغانلىقىمنى سۆزلىۋىدى. مەن يەنە ئۇنى قويۇپ بەردىم، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- «قانداق سۆزلەركەن ئۇ؟» دېدى. مەن:

- ئۇخلاش ئۈچۈن ياتقان ۋاقتىڭدا ئايەتۇلكۇرسىنى باشتىن ئاخىر ئوقۇغىن، بۇنى ئوقۇساڭ، ئاللاھ سېنى قوغداش ئۈچۈن پەرىشتە ئەۋەتىدۇ. تا سەھەر ۋاقتىغىچە شەيتان ساڭا يېقىن كېلەلمەيدۇ، دېدى - دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- «قارا، ئۇ ئىنتايىن يالغانچى تۇرۇقلۇق، بۇ قېتىم راست گەپ قىپتۇ، ئى ئەبۇ ھۇرەيرە! ئۈچ كېچىدىن بېرى كىم بىلەن سۆزلەشكەنلىكىڭنى بىلەمسەن؟» دېدى. مەن:

- ياق، - دەپ جاۋاب بەردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- «ئۇ بىر شەيتان ئىدى» دېدى.

**ھېكايىدىن چىققان نەسىھەتلەر:**

"قۇرئان" دىكى ئايەتلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئايەت ئايەتۇلكۇرسىدۇر. ئايەتۇلكۇرسىنى ئوقۇغان كىشىگە ئاللاھ مۇھاپىزەت قىلغۇچى بىر پەرىشتە ئەۋەتىدۇ، ئۇ كىشى بالا - قازادىن ئامان قالىدۇ.

## جىنلار بىزگە بىرەر زىيان - زەخمەت يەتكۈزەلەمدۇ؟

ئاللاھ خالىمىغىچە زىيان - زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ. كۆزىمىزگە كۆرۈنمەيدىغان مەۋجۇداتلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىش يولى - ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەششەيتانىر رەجىم، بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم، دەپ ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەشتۇر. مۇسۇلمان ھەرقانداق بىر ياخشى ئىشنى باشلىغاندا، ئاۋۋال بىسمىللاھ دەپ باشلاشقا ئادەتلىنىشى لازىم.

www.munber.org

## كىتابلار ۋە پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتىش

پەيغەمبەرلەر كىم؟

پەيغەمبەرلەر ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىنسانلارغا بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاللاھ تەرىپىدىن تاللانغان ۋە ۋەزىپىلەندۈرۈلگەن ئىنسانلاردۇر.

## پەيغەمبەر بولۇشنى ئارزۇ قىلغان ھەرقانداق كىشى پەيغەمبەر بولالامدۇ؟

ياق، پەيغەمبەرلىك ـ تىرىشىش ياكى كۆپ ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرىدىغان بىر كەسىپ ئەمەس. ئاللاھ بەندىلىرىدىن خالىغان كىشىلەرنى، ئىنتايىن قىيىن بولغان بۇ ئىشنى ئەڭ ياخشى قىلالايدىغان كىشىلەرنى پەيغەمبەر قىلغان.

## پەيغەمبەرلىك ئاتىدىن بالىغا مىراس قالامدۇ؟

بۇنداق بىر قائىدە يوق، ئەمما ئاتا ۋە بالىنىڭ پەيغەمبەر بولغانلىقىدەك ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت.

## پەيغەمبەرلەرنىڭ بالىلىرىمۇ ئاتىلىرىدەك ياخشى ئىنسانمۇ؟

ھەمىشە بۇنداق بولمىغان، مەسىلەن: نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ئوغلى ۋە ئايالى ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتمىغان، ئۇلار ئاللاھقا ئىمان ئېيتمىغانلار بىلەن بىرلىكتە توپان بالاسىدا سۇغا غەرق بولغان.

## پەيغەمبەرلەر باي ۋە گېپى ئۆتىدىغان كىشىلەرمۇ؟

سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئىنتايىن باي ۋە پادىشاھ بولغان بىر پەيغەمبەر ئىدى. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېيسىل بىر ئائىلىدىن ئىدى. ئەمما باي ئەمەس ئىدى.

## ئاللاھ نېمە ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەۋەتكەن؟

بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئىنسانىي ئەقلىمىزگە تايىنىپلا ئۆگەنگىلى بولمايدۇ. شۇڭا كىتابقا ۋە بىر ئۆگەتكۈچكۈچىنىڭ ياردىمىگە ئېھتىياجىمىز بار. ئاللاھ ئىنسانلارغا توغرا يولنى كۆرسىتىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەۋەتكەن، كىتابىمىز "قۇرئان" بىزگە توغرا يولنى كۆرسىتىدۇ. پەيغەمبەرلەر ئاللاھنىڭ ئەمرلىرىنى چۈشەندۈرگەن ۋە ھاياتىدا بىزگە ئۈلگە بولغان ئىدى. "قۇرئان" بىزنى ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇيدۇ. ئەمما قانداق ئوقۇشنى پەيغەمبىرىمىزدىن ئۆگىنىمىز.

www.munber.org

## ئىنسانلارغا ئەڭ ياخشى ئۈلگە بولغان ئىنسانلار كىملەر؟

ئىنسانلارغا ئەڭ ياخشى ئۈلگە ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىدۇر.

## پەيغەمبەرلەر پەۋقۇلئاددە ئىنسانلارمۇ؟

ياق، ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش ئىنسانلاردۇر. ئۇلار يەيدۇ، ئىچىدۇ، ئۇخلايدۇ، يول ماڭىدۇ ۋە توي قىلىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى بار.

## پەيغەمبەرلەرنى قۇرئان كەرىمدە نىمە دەيدۇ؟

پەيغەمبەر پارسچە بىر سۆز بولۇپ، مەنىسى "خەۋەر ئېلىپ كەلگۈچى" دېگەنلىكتۇر، "قۇرئان" دا رەسۇل ياكى نەبى دېيىلىدۇ.

## تۇنجى پەيغەمبەر كىم؟

تۇنجى پەيغەمبەر ـ تۇنجى ئىنسان بولغان ئادەم ئەلەيھىسسالامدۇر.

## ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر كىم؟

پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر.

قانچە پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن؟

"قۇرئان كەرىم" دىكى خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا، ئاللاھ پۈتۈن ئىنسانلارغا پەيغەمبەر ئەۋەتكەن، بۇلارنىڭ ئېنىق سانىنى بىلمەيمىز. ئەمما 124 مىڭ ئىكەنلىكى سۆزلەنمەكتە.

"قۇرئان كەرىم" دە، قانچە پەيغەمبەرنىڭ ئىسمى بار؟ ئۇلار قايسىلار؟ "قۇرئان" دا ئىسمى بارلار 25 پەيغەمبەر بولۇپ تۆۋەندىكىچە:

**1** ـ ئادەم، **2** ـ ئىدرىس، **3** ـ نۇھ، **4** ـ ھۇد، **5** سالىھ، **6** ـ لۇت، **7** ـ ئىبراھىم، **8** ـ ئىسمائىل، **9** ـ ئىسھاق، **10** ـ ياقۇب، **11** ـ يۇسۇف، **12** ـ شۇئەيب، **13** ـ مۇسا، **14** ـ ھارۇن، **15** ـ داۋۇت، **16** ـ سۇلايمان، **17** ـ ئەييۇب، **18** ـ زۇلكىفل، **19** يۇنۇس، **20** ـ ئىلياس، **21** ـ ئەليەسەئ، ـ ـ **22** ـ زەكەرىيا، **23** ـ يەھيا، **24** ـ ئىسا، **25** ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملاردۇر.

"قۇرئان" دا ئىسمى بار لوقمان، ئۇزەير ۋە زۇلقەرنەيننىڭ پەيغەمبەر ياكى پەيغەمبەر ئەمەسلىكى ئېنىق ئەمەس.

www.munber.org



www.munber.org

## بارلىق ئىنسانلارغا پەيغەمبەر كەلگەنمۇ؟

ھەئە، ھەر قەۋمگە پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن.

## پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى نىمە؟

1 ـ ئىنسانلارنى ئاللاھقا بەندە بولۇشقا چاقىرىش.

2 ـ ئاللاھنىڭ ئەمر ۋە چەكلىمىلىرىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈش.

3 ـ توغرا يولنى كۆرسىتىش.

4 ـ ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئۈلگە تىكلەش.

5 ـ ئۆلۈمنى ۋە ئاخىرەتنى ئەسكە سېلىش.

6 ـ دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق، ئاخىرەتنىڭ بولسا، دائىمىي (مەڭگۈلۈك) ئىكەنلىكىنى خاتىرلىتىش.

7 ـ ئىنسانلارنىڭ ”بىزگە يول كۆرسەتكۈچى ئەۋەتمىدىڭ“ دەپ باھانە ـ سەۋەب كۆرسەتمەسلىكى ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن.

## پەيغەمبەرلەرنىڭ باشقا ئىنسانلاردىن پەرقلىنىدىغان سۈپەت - ئالاھىدىلىكلىرى قايسىلار؟

ھەر پەيغەمبەرگە مۆجىزە كۆرسىتىلگەن، چۈنكى مۆجىزە پەيغەمبەرلىكنىڭ ئىسپاتى ئۈچۈن شەرتتۇر. ئەمما بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ھەر ئىنساندا ئازدۇر - كۆپتۇر بار بولغان ئاساستا بارلىق پەيغەمبەرلەردە جەزمەن بار بولغان بىر قىسىم سۈپەتلەر باردۇر. بۇ سۈپەتلەر تۆۋەندىكىچە:

1 - سىددىق: راستچىل دېمەكتۇر. پەيغەمبەرلەر ئىشلىرى ۋە سۆزلىرىدە راستچىل، توغرىدۇر.

2 - ئامانەت: پەيغەمبەرلەر ھەممە جەھەتتىن ئىشەنچلىكتۇر.

3 - تەبلىغ: پەيغەمبەرلەر ئاللاھتىن ئالغان ئەمر - پەرمانلارنى شۇ پېتى ئىنسانلارغا سۆزلەپ چۈشەندۈرىدۇ.

4 - فەتانەت: پەيغەمبەرلەر ئەقىللىق ۋە مېڭىسى ئۆتكۈر ئىنسانلاردۇر.

5 - ئىسمەت: پەيغەمبەرلەر ھېچقاچان گۇناھ ئىش قىلمايدۇ.

## مۆجىزە دېگەن نېمە؟ ھەرقانداق كىشى مۆجىزە كۆرسىتەلەمدۇ؟

مۆجىزە، باشقىلارنى ئاجىز، كۈچسىز ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇش دېگەنلىكتۇر. مۆجىزە - ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ۋە ياردىمى بىلەن، پەيغەمبەرلەرنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن كۆرسەتكەن پەۋقۇلئاددە ۋەقە بولۇپ، ئىنسانلار ئوخشاش شەرت - شارائىتتا بۇنىڭغا ئوخشاش ۋەقەلەرنى مەيدانغان كەلتۈرۈشكە قادىر بولالمايدۇ.

## پەيغەمبەرلەر نېمشقا مۆجىزە كۆرسىتىدۇ؟

1 - پەيغەمبەرلىكنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن.

2 - كەلگۈسى ئەۋلادلارغا پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى جەھەتتە يول كۆرسىتىش ئۈچۈن.

## مۆجىزە قانداق چاغدا كۆرسىتىلىدۇ؟

**پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرىدىن بىر قانچە مىسال سۆزلەپ بېرىڭ:**

مۆجىزىلەر ئاساسلىقى ئېھتىياجلىق چاغلاردا كۆرسىتىلىدۇ. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرگە ئۇلار ياشاۋاتقان دەۋرگە ئاساسەن مۆجىزە بەرگەن.

مۇسا ئەلەيھىسسالام زاماندا سېھرگەرلىك ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان بولۇپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ھاسا (يىلانغان ئۆزگىرەلەيدىغان ھاسا) مۆجىزىسى بېرىلگەن، بۇ ھاسا سېھرگەرلەرنىڭ سېھرلىرىنى ھەممىسىنى يۇتۇپ يوق قىلىۋەتكەن.

www.munber.org

ئىسا ئەلەيھىسسالام زامانىدا تىبابەتچىلىك ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان ئىدى. ئىسا ئەلەيھىسسالام دوختۇرلار ساقايتالمىغان كېسەللەرنى داۋالىيالايتتى. تۇغما قارىغۇلارنىڭ كۆزىنى ئاچالايتتى ۋە ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەيتتى.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام زامانىدا شېئىر ۋە ئەدەبىيات تەرەققىي قىلغان ئىدى. ئۇنىڭغا مۆجىزىلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى بولغان "قۇرئان كەرىم" بېرىلگەن. ھېچقانداق ئىنسان ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ.

## پەيغەمبىرىمىزنىڭ باشقا مۆجىزىلىرىدىن مىساللار بېرىڭىز

پەيغەمبىرىمىزنىڭ نۇرغۇن مۆجىزىلىرى بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ چوڭى "قۇرئان كەرىم" دۇر. مەشھۇرلىرىمىزدىن بەزىلىرى تۆۋەندىكىچە:

- قولىدا بىر ئىشارەت قىلىشى بىلەن ئاينىڭ ئىككىگە بۆلۈنىشى.
- مىراج مۆجىزىسى.
- بارماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن سۇنىڭ بۇلاقتىن چىققاندەك چىقىشى.
- كېسەللەرگە شىپالىق بېرىشى.
- بىر نەچچە كىشىگە يېتىدىغان تاماق بىلەن يۈزدىن ئارتۇق كىشىنى تويغۇزۇشى.
- كەلگۈسىدىكى ئىشلاردىن ئالدىن خەۋەر بېرىشى ۋە دېگەنلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى.

## پەيغەمبىرىمىزنىڭ باشقا پەيغەمبەرلەردىن پەرقى بارمۇ؟

شۇنداق، پەرقى بار. بۇلار:

1 ـ پەيغەمبىرىمىز ئەڭ ئاخىرقى ۋە ئەڭ مۇكەممەل پەيغەمبەردۇر.

2 ـ مەلۇم بىر قەۋم ۋە مىللەتكە ئەمەس، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قىيامەتكە قەدەر پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن.

3 ـ پەقەت ئىنسانلارنىڭلا ئەمەس، پەرىشتە ۋە جىنلارنىڭمۇ پەيغەمبىرىدۇر.

## كىتاب بېرىلگەن پەيغەمبەرلەر كىملەر؟

ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن كىتابلارنىڭ بىر قىسمى سەھىپىلەر دېيىلىدۇ. بۇ بىر قانچە بەتلىك كىچىك بىر كىتاب دېگەنلىكتۇر. مەسىلەن:

www.munber.org



ئادەم ئەلەيھىسسالامغا 10 بەت.

شىس ئەلەيھىسسالامغا 50 بەت.

ئىدرىس ئەلەيھىسسالامغا 30 بەت.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا 10 بەت بېرىلگەن. ھازىر بۇلارنىڭ ھېچبىرى مەۋجۇت ئەمەس.

## چوڭ كىتابلار تۆت

1 ـ تەۋرات: مۇسا ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان ئەسلىدىكى مەزمۇنىنى ئىنسانلار ئۆزگەرتىۋەتكەن.

2 ـ زەبۇر: داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان. ئەسلىدىكى مەزمۇنىنى ئىنسانلار ئۆزگەرتىۋەتكەن.

3 ـ ئىنجىل: ئىسا ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان ئەسلىدىكى مەزمۇنىنى ئىنسانلار ئۆزگەرتىۋەتكەن.

4 ـ قۇرئان كەرىم: ئاللاھ تەرىپىدىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاستىسى بىلەن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان ئاللاھ تائالادىن كەلگەن پېتى ئۆز پېتى ساقلانغان بىردىنبىر كىتابتۇر.

كۆنمىزدىكى بەزى نادان مۇسۇلمانلارنىڭ قىلغىنىدەك "قۇرئان" پەقەت ئۆلۈكلەرگە ئوقۇش ئۈچۈنلا نازىل قىلىنمىغان، مەنىسىنى ۋە ھۆكۈملىرىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، كېسەللەرگە، مازارلارغا، قەبرىلەرگە ئوقۇش ئۈچۈنمۇ نازىل قىلىنمىغان. "قۇرئان" دا مۇسۇلماننىڭ تۇغۇلغاندىن ئۆلگۈچە بولغان ئارىلىقتىكى پۈتۈن ھاياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۆكۈملەر بار. مۇسۇلمان شەخسىي، ئائىلىۋىي ۋە دۇنياۋىي پۈتۈن ھاياتىنى "قۇرئان" نىڭ ھۆكۈملىرىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشى، "قۇرئان" بويىچە ياشىشى كېرەك.

## قۇرئاندا نېمىلەر بار؟

ئىنسان ھاياتى ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان بىرى، دۇنيادىكى ۋاقىتلىق ھايات، يەنە بىرى بولسا ئاخىرەتتىكى ئەبەدىي ھايات. ئاللاھ ھەر ئىككى ھاياتتا بەختلىك بولۇشىمىزنى خالىدى. بەختنى تونۇش ۋە بەختكە ئېرىشىشنىڭ يولىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن "قۇرئان كەرىم" نى ئەۋەتتى.

مۇسۇلمانلار "قۇرئان" نىڭ ئەمرلىرىگە بويسۇنۇپ، ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلغان بولسا ئىدى، دۈشمەنگە مەغلۇپ بولمايتتى. ئەمما ئۇلار قۇرئاندىن يىراقلاشتى ئەھدىلىرىنى بۇزدى. گەرچە قۇرئان تىلاۋىتىنى مۇزىكا ئاڭلىغاندەك ئاڭلىسىمۇ، دۇئا قىلسىمۇ ۋە مۇسىبەتلەرگە قارشى ئۇنىڭغا سېغىنسىمۇ، ئەمما قۇرئاننى ياشاۋاتقان ھاياتتىن تامامەن يىراقلاشتۇرغانلىقى، كۈندىلىك ھاياتنى "قۇرئان" غا تەدبىق قىلمىغانلىقى ئۈچۈن مۇسىبەتلەرگە، پالاكەتلەرگە ئۇچرىماقتا.

www.munber.org

قۇرئان مۇھەممەد ئەلەيھسسالامغا 23 يىل جەريانىدا تولۇق نازىل قىلىنىپ بولغان بولۇپ، ئۇ 114 سۈرە، 6236 ئايەتتىن تەركىب تاپقاندۇر. سۈرە ''قۇرئان'' دىكى بىسمىللا دەپ باشلانغان ئۇزۇن ياكى قىسقا پارچىلاردۇر. ئايەت ـ سۈرىلەرنى مەيدانغان كەلتۈرگەن قىسقا ياكى ئۇزۇن جۈملىلەردۇر.

قۇرئان ئەرەبچىدۇر. پەقەتلا ئەرەبچە يېزىلىدۇ ۋە ئوقۇلىدۇ. مەنىسى باشقا بىر تىلغا تەرجىمە قىلىنغان، ئوقۇلغان بىلەن، ئەمما ئەسلىسى باشقا بىر تىل بىلەن ئوقۇلماي ئەرەبچە ئوقۇلىدۇ.

**ھېكايە:**


## قۇرئان شىپادۇر

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئەبۇ سەئىد خۇدرى (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) نىڭ قۇماندانلىقىدا ئوتتۇز كىشىلىك قوشۇننى يولغا سالدى. بۇ قوشۇن كېچىدە بىر ئەرەب قەبىلىگە ئۇچراپ، ئۆزلىرىنى مېھمان قىلىشنى ئۆتۈندى. بىراق ئۇلار بۇ قوشۇننى قوبۇل قىلمىدى، يېگۈدەك بىر نەرسىمۇ بەرمىدى.

ئەمما بىر مۇددەتتىن كېيىن قەبىلىنىڭ ئاقساقىلىنى يىلان چېقىۋالدى. قەبىلىدىكىلەر بارلىق چارە ـ ئاماللارنى ئىشلىتىپ داۋالاشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، پايدىسى بولمىدى. قەبىلىنىڭ ئاقساقىلىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئامالسىز ئۆزلىرى مېھمان قىلمىغان، يېقىنلاردا تۇرىۋاتقان ''ياقا يۇرتلۇقلار'' غا ئىلتىجا قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن ھەزرىتى ئەبۇ سەئىد رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بىر ھەربىي يۈرۈشكە چىققان ۋە بىر يەردە چۈشكۈن قىلغان ئىدۇق. يېنىمىزغا بىر چۆرە قىز كېلىپ:

ـ قەبىلىمىزنىڭ ئاقساقىلىنى بىر زەھەرلىك يىلان چېقىۋالدى. ئۇنىڭغا ھازىر قارىغۇدەك ئەر كىشىلەر ئارىمىزدا يوق. سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا بۇنى داۋالىيالايدىغانلار بارمۇ؟ دېدى.





www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى مېھماندوستلۇقنى بىلمەيدىغان بۇ يەرلىكلەرگە: «سىلەر بىزگە قارىمىدىڭلار، بىزمۇ سىلەرگە قارىمايمىز» دەپ جاۋاب بەردى. يەرلىكلەرنىڭ يالۋۇرۇشى بىلەن داۋالاش ھەققى ئۈچۈن ئوتتۇز قوي ئېلىشقا كېلىشىپ داۋالاشقا ماقۇل بولدى.



بىزنىڭ ئارىمىزدىن بىرەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ چۆرە بىلەن چىقىپ كەتتى، بىز ھەمراھىمىزنىڭ بۇ جەھەتتە قانداق ماھارىتى بارلىقنى بىلمەيتتۇق. ھەمراھىمىز زەھەرلەنگەن كىشىگە فاتىھە سۈرىسىنى ئۈچ ياكى يەتتە قېتىم ئوقۇپ ھۈرۈپ ئۇنى ساقايتتى.

شۇنىڭ بىلەن فاتىھە ئوقۇپ داۋالىغان كىشىگە ئوتتۇز قوي بەردى. ھەمراھىمىز بىزگە قوينىڭ سۈتىدىن ئىچكۈزدى. ئۇنىڭدىن:

- پاھ! سەن ئايەت ئوقۇپ كېسەل داۋالاشنى بىلەمتىڭ؟ دەپ سورىدۇق.

- ياق، مەن پەقەت سۈرە فاتىھەنى ئوقۇپلا داۋالىدىم، دېدى. ئۇ، بىز:

- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىماي تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ بەرگەن نەرسىلىرىگە تەگمە، دېدۇق. مەدىنىگە كېلىپ ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- «ئۇلار بەرگەن قويلارنى ئۈلۈشۈڭلار. ماڭىمۇ بىر ئۈلۈش ئايرىڭلار» دېدى.

**ھېكايىدىكى نەسىھەتلەر:**

قۇرئان شىپادۇر. ئەمما شىپا ـ سۇ كەلگەن تورىبىغا باغلىق، پاسكىنا توربىدىن پاكىزە سۇ (شىپا) كەلمەيدۇ. شۇڭا پاكىزە ياشايدىغان، تەقۋادار، ئەخلاقلىق كىشىلەردىن ياردەم سوراش كېرەك.

پەيغەمبىرىمىز زەھەرلىك يىلان ۋە ھاشارەتلەر چېقىۋالغاندا ۋە كۆز تەككەندە دۇئا قىلىش، ئايەت ئوقۇشقا رۇخسەت قىلغان، بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئالدى بىلەن دوختۇرغا كۆرۈنۈشنى تەۋسىيە قىلغان.

## پەيغەمبىرىمىزگە نىسبەتەن قانداق ۋەزىپىلىرىمىز بار؟

1 ـ پەيغەمبىرىمىزنى ئاللاھ ئەۋەتكەن ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر دەپ تونۇش.

2 ـ ئۇنىڭ، ئاللاھ بارلىق ئىنسانلارغا ئەۋەتكەن ئۆرنەك بىر ئىنسان ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش.

3 ـ ھەممە جەھەتتە ئۇنى ئۆرنەك قىلىش، ئۆزىمىزگە ئۆرنەك بىر رەھبەر دەپ قاراش.

4 ـ ئۇنى ئاللاھتىن كېيىن، ھەممە نەرسىدىن ھەتتا جېنىمىزدىن، ئاتا ـ ئانىمىزدىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرۈش.



www.munber.org

5 ـ ئۇنى ھۆرمەتلەش، ئىسمى تىلغا ئېلىنغاندا دۇرۇت ۋە سالام يوللاش.

6 ـ ئۇنىڭ نەسىھەتلىرىگە ئەمەل قىلىش، توسقان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش.

7 ـ پەيغەمبەر ئۆگەتكەن نەرسىلەردىن باشقىلارغا ئۆگىتىش.

## پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشنىڭ ھۆكمى نىمە؟

”قۇرئان كەرىم“ دە مۇنداق دېيىلگەن:

﴿كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ. (چۈنكى پەيغەمبەر ئاللاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزىدۇ)﴾ [سۈرە نىسا 80 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى].

## پەيغەمبەرگە دۇرۇت ئوقۇش دېگەن نىمە؟

پەيغەمبىرىمىزگە ۋە ئائىلىسىگە دۇئا قىلىش، ئۇنىڭغا ئاللاھ تائالادىن ياخشىلىق تىلەشتۇر. پەيغەمبىرىمىز ئۈچۈن ئوقۇلغان دۇرۇتنىڭ بىر قانچە خىل ئوقۇلۇشى بار:

”سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم“ (ئاللاھتىن ئۇنىڭغا سالام ۋە ياخشىلىق بولسۇن!) ”ئەللاھۇممە سەللى ئەلا سەييىدىنا مۇھەممەد“ (ئى ئاللاھ! پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەدكە ياخشىلىق بەرگىن) ”ئەلەيھىسسالام“ (ئۇنىڭغا سالام ۋە ياخشىلىق بولسۇن!)

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغاندا مۇشۇنداق دۇئا قىلىش ياخشىدۇر.

## پەيغەمبەرلەر قىلغان ئىشىغا ھەق ئالامدۇ؟

بارلىق پەيغەمبەرلەر دىنىغا دەۋەت قىلغان ئىنسانلارغا: ”مەن سىلەردىن بۇ ئىشىمغا ھەق تەلەپ قىلمايمەن. مېنىڭ مۇكاپاتىمنى ئاللاھ بېرىدۇ“ دېگەن.



**سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھەققىدە قىسقا ساۋات (سوئال ـ جاۋاب)**

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىسمى نىمە؟

ھەزرىتى مۇھەممەد مۇستاپا (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم)

سەن كىمنىڭ ئۈممىتى؟

مەن پەيغەمبەرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ دادىسىنىڭ ۋە ئانىسىنىڭ ئىسمى نىمە؟

www.munber.org

دادىسىنىڭ ئىسمى ئابدۇللاھ، ئانىسىنىڭ ئىسمى ئامىنە.

**ئىنكئانىسى ۋە ئىمىلداش تۇغقانلىرىنىڭ ئىسمى نىمە؟**

ئىنكئانىسىنىڭ ئىسمى ھەلىمە، ئىمىلدىشى شەيما.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ چوڭ دادىسىنىڭ ئىسمى نىمە؟

چوڭ دادىسى ئابدۇل مۇتەللىپ.

تاغىسىنىڭ ئىسمى نىمە؟

تاغىسىنىڭ ئىسمى ئەبۇتالىب.

**پەيغەمبىرىمىز نەدە، قاچان تۇغۇلدى؟**

مەككىدە، مىلادىيە **571** ـ يىلى **4** ـ ئاينىڭ **20** ـ كۈنى، يەنى ھىجرىيە رەبىئۇل ئەۋۋەل ئىيىنىڭ **12** ـ كۈنى دۈشەنبە كىچە تۇغۇلدى.

**پەيغەمبىرىمىزنىڭ دادىسى ۋە ئانىسى قاچان ۋاپات بولدى؟**

پەيغەمبىرىمىز تۇغۇلۇشتىن ئىككى ئاي ئىلگىرى دادىسى ۋاپات بولدى. پەيغەمبىرىمىز ئالتە ياشقا كىرگەندە ئانىسى ۋاپات بولدى.

**پەيغەمبىرىمىز كىم بىلەن قانچە ياشتا توي قىلدى؟**

پەيغەمبىرىمىز **25** ياشقا كىرگەندە **40** ياشلىق خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن توي قىلدى.

**پەيغەمبىرىمىزنىڭ قانچە بالىسى بار ئىدى؟**

يەتتە بالىسى بار ئىدى. تۆت قىز، ئۈچ ئوغلى بار. ئىبراھىم مىسىرلىق مارىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن تۇغۇلغان قالغانلىرى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن تۇغۇلغان.

قىزلىرىنىڭ ئىسمىنى دەپ بەرسىڭىز

زەينەپ، رۇقىيە، ئۇممۇكۇلسۇم ۋە فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇننە.

ئوغۇللىرىنىڭ ئىسمىنى دەپ بەرسىڭىز

قاسىم، ئابدۇللاھ، ئىبراھىم.

فاتىمەدىن باشقا بارلىق باللىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات چاغدا ۋاپات بولۇپ كەتكەن.

**پەيغەمبىرىمىز خەدىچىدىن باشقا ئاياللار بىلە ئۆيلەندىمۇ؟**

خەدىچە ھايات چاغدا باشقا ئاياللار بىلەن ئۆيلەنمىدى. خەدىچە ۋاپات بولغاندىن كېيىن. ئۆزى **54** ياشقا كىرگەندە باشقا ئاياللار بىلەن ئۆيلەندى.

**پەيغەمبىرىمىزنىڭ 54 ياشتىن كېيىن كۆپ ئۆيلىنىشىنىڭ سەۋەبى ۋە ھېكمىتى نىمە؟**

ئەسلى ھېكمەت ۋە مەقسەت، توي قىلىش ۋاستىسى ئارقىلىق تۇغقان بولۇش، ئىسلامنى تارقىتىش، ئائىلە ۋە ئاياللارغا مۇناسىۋەتلىك دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىتىشتىن ئىبارەت.

www.munber.org

## قانچە ياشقا كىرگەندە پەيغەمبەر بولدى؟

**40** ياشقا كىرگەندە، مىلادىيە **610** ـ يىلى پەيغەمبەرلىك كەلدى ۋە **23** يىل پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلدى.

**قاچان، قەيەرگە ھىجرەت قىلدى؟**

مىلادىيە **622** ـ يىلى مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى (كۆچتى).

## ساھابىلەر كىملەر؟

ساھابە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئەڭ ئاز بىر قېتىم بولسىمۇ كۆرگەن ۋە سۆھبەتلىرىگە قاتناشقان مۇسۇلمانلاردۇر.

ساھابە كىراملار ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ:

**1** ـ مۇھاجىر، مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان مەككىلىك مۇسۇلمانلار.

**2** ـ ئەنسار، مەككىدىن مەدىنىگە كەلگەن مۇسۇلمانلارغا ياردەم قىلغان مەدىنىلىك مۇسۇلمانلار.

**پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەڭ يېقىن دوستلىرى كىملەر ئىدى؟**

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى، ھەزرىتى ئۆمەر، ھەزرىتى ئوسمان ۋە ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار.

**ھەزرىتى ئەلى كىم؟**

پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسى ئەبۇ تالىبنىڭ ئوغلى ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۈيئوغلى.

**پەيغەمبىرىمىزنىڭ قانچە نەۋرىسى بار؟**

ئىككى ئوغۇل، ئىككى قىز جەمئىي تۆت نەۋرىسى بار. ئوغۇللار: ھەزرىتى ھەسەن ۋە ھەزرىتى ھۈسەيىن، قىز نەۋرىلىرى: ھەزرىتى زەينەپ ۋە ھەزرىتى سۈكەينە.

**بۇلار كىمنىڭ بالىلىرى ئىدى؟**

ھەزرىتى ئەلى بىلەن ھەزرىتى پاتىمەنىڭ.

## ئەھل بېيت دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر دېگەنلىكتۇر. يەنى، ئاياللىرى، بالىلىرى، كۈيئوغلى ھەزرىتى ئەلى ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ نەۋرىلىرى.

**پەيغەمبىرىمىزگە پەيغەمبەرلىك كەلگەندىن كېيىن مەككىدە قانچە يىل تۇردى؟**

www.munber.org

10 يىل تۇردى.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ جىھادلىرىدىن بىر قانچىسىنى دەپ بەرىڭىز.

بەدرى، ئۇھۇد ۋە خەندەك ئۇرۇشى.



## پەيغەمبىرىمىز قانچە ياشتا ۋاپات بولدى؟

مىلادىيە 632 ـ يىلى ۋاپات بولدى. (قەمەرىيە يىلنامىسى بويىچە 63 ياشتا ۋاپات بولدى).

پەيغەمبىرىمىزنىڭ قەبرىسى نەدە؟

مەدىنە مۇنەۋۋەردە.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ قەبرىسى تۇرغان يەرنىڭ ئىسمى نىمە؟

راۋزائى مۇتاھھارا (ئەڭ پاكىزە باغچە)

## سۈننەت دېگەن نىمە؟

پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇبارەك سۆزلىرى ۋە ئىشلىرى سۈننەت دېيىلىدۇ.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆزلىرى نىمە دەپ ئاتىلىدۇ؟

پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆزلىرى ”ھەدىس شەرىف“ دەپ ئاتىلىدۇ.

## ھەدىسلەردىن بىر قانچە مىسال بەرىڭىز:

1 ـ ئاللاھ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىبادەت ـ ئاز بولسىمۇ داۋاملىق قىلىنىدىغان ئىبادەتتۇر.

2 ـ ئاللاھ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىش ـ ۋاقتىدا ئوقۇلغان ناماز ۋە ئاتا ـ ئانىغا قىلىنغان ياخشىلىق.

3 ـ ئۆزەڭ ئۈچۈن ياخشى كۆرگەن ۋە ئارزۇ قىلغان نەرسىنى باشقىلار ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆر ۋە ئارزۇ قىل. ساڭا قىلىنىشىنى سەن ياقتۇرمايدىغان ئىشنى باشقىلارغىمۇ قىلما.

4 ـ ئاللاھ ”قۇرئان“ غا ئاساسەن ئىش قىلغان خەلقنى يۈكسەلدۈرىدۇ، ”قۇرئان“ نىڭ ئىزىدىن ماڭمىغانلارنى چۈشكەنلەشتۈرىدۇ.

5 ـ قەلبىڭدىن ھېچكىمگە يامانلىق قىلىشنى ئويلىماي ئەتىگەن ئورنۇڭدىن تۇرۇشقا ۋە مۇشۇ ھالەتتە ئاخشىمى ئوخلاشقا تىرىش، ئەگەر مۇشۇنداق قىلىشتا مۇۋەپپىقىيەت قازىنالىساڭ، ھېسابىڭنى ئاسان بېرەلەيسەن.

www.munber.org

6 ـ كۆپ دۇئا قىل، چۈنكى دۇئا يامانلىقلارنى توسالايدۇ.

7 ـ ئىككى كۈنى ئوخشاش بولغان (يەنى ھېچقانداق ئىلگىرلەش بولمىغان) كىشى زىيان ئىچىدە تۇرغان بولىدۇ.

8 ـ پاكىزلىق ئىماننىڭ يېرىمىدۇر.


9 ـ بەش ۋاخ نامازنى تولۇق ئوقۇغىن. گۇمانلىق ئىشلارنى تەرك ئەت، شۈبھە قوزغمايدىغان ئىشلارنى قىل. راستچىللىق، توغرىلىق ئىنساننىڭ قەلبىگە ھۇزۇر بېرىدۇ. يالغانچىلىق بولسا غەشلىك پەيدا قىلىدۇ.

10 ـ ئازادە چاغلىرىڭدا ئاللاھنىڭ ياخشى كۆرىشىگە ئېرىشۋال، قېيىن ئەھۋالدا قالغان چاغلىرىڭدا ئاللاھ سېنى تونۇپ ياخشى كۆرىدۇ. ئاللاھنىڭ ئەمر ۋە چەكلىمىلىرىگە دىققەت قىل، شۇنداق قىلساڭ، ئاللاھمۇ ساڭا دىققەت قىلىدۇ ۋە ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ.

11 ـ ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان كىشى خوشنىسىغا زىيان سالمىسۇن، مېھمانغا يېمەك ئىچمەك بەرسۇن، ياخشى گەپ قىلسۇن ياكى شۈك تۇرسۇن.

12 ـ مۇسۇلمان ـ باشقىلارغا قولىدا ۋە تىلىدا خاتىرجەملىك ھېس قىلدۇرغان كىشىدۇر.

13 ـ كۈچلۈك كىشى چېلىشقاندا رەقىبىنى يەڭگەن كىشى ئەمەس، ھەقىقىي كۈچلۈك كىشى ئاچچىقى كەلگەندە ئاچچىقىنى يەڭگەن كىشىدۇر.





14 ـ ئۈچ كىشى بىر يەردە تۇرغاندا، ئىچىڭلاردىكى ئىككەيلەن ئۈچىنچى كىشىنى يالغۇز قويۇپ پىچىرلاشمىسۇن. بۇنداق قىلسىڭىز، ئۈچىنچى كىشىنىڭ كۆڭلىگە كېلىدۇ.

15 ـ ئاللاھ سىزنىڭ تاشقى قىياپىتىڭىز ۋە بايلىقىڭىزغا ئەمەس، قەلبىڭىزگە ۋە ئىش ـ ھەرىكىتىڭىزگە قارايدۇ.

16 ـ ئىنسان بالىسى ھەممىسى خاتا ئىش قىلىپ (گۇناھ قىلىپ) سېلىشى مۇمكىن. ئەمما گۇناھ قىلىپ سالغانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى تەۋبە قىلىپ، گۇناھنى تەرك ئەتكەن كىشىدۇر.

## پەيغەمبىرىمىز بالىلارغا قانداق مۇئامىلە قىلاتتى؟

پەيغەمبىرىمىز بالىلارغا مېھرى ـ شەپقەتلىك ئىدى. بالىلارغا شەپقەت

www.munber.org

كۆرسەتمىگەنلەرنى «شەپقەت قىلمىغانغا شەپقەت قىلىنمايدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇرغان ئىدى. ئۆزى بىلەن باللار ئارىسىغا ھېچقانداق بىر توسقۇنلۇق قويمىغان ئىدى. باللارنىڭ ئۆزىدىن ئەيمىنىپ، يىراق تۇرۇشىغا سەۋەب بولىدىغان ھەر تۈرلۈك ئىشتىن ساقلىناتتى. يېنىدا ئون يىل ئىشلىگەن ئەنەس ئىسىملىك بالىنى بىر قېتىممۇ ئۇرۇپ ياكى ئازارلاپ باقمىغان ئىدى.

پەيغەمبىرىمىز باللار بىلەن چاقچاق قىلىشاتتى. ئۇلار بىلەن ئويناتتى. ئۇلارغا گۈزەل ئىسىملار قويغان، ياخشى دۇئا قىلغان ئىدى. ئۇچرىشىپ قالغاندا باللارغا سالام بېرەتتى. ھال - ئەھۋال سورايتتى، بىر نەرسىلەر بېرەتتى.

ئاغرىپ قالغان باللارنىڭ كېسىلىنى كۆرگىلى بارغان، كۆرۈشكىسى بارلار بىلەن كۆرۈشكەن، باللارنى چوڭ ئادەمدەك كۆرۈپ ئىززەتىنى قىلغان ئىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ باللارچە قىلىقلىرىغا سەۋر قىلغان ئىدى.

## پەيغەمبىرىمىز قانداق بىر ئىنسان ئىدى؟

ئۇ بارلىق ئىنسانلارغا رەھمەت سۈپىتىدە ئەۋەتىلگەن، ئۈلگە بىر ئىنسان ئىدى. ئۇ بىزگە ھەر جەھەتتىن ئۈلگە ئىدى. ئۇ ياخشى ئىنسان، ياخشى يولداش، ياخشى دادا، ياخشى قوماندان، ياخشى رەھبەر، ياخشى بىر دوست ئىدى. ئىسلام ئۇچۇن ياشىدى ۋە ئىسلام ئۇچۇن ئۆلدى، ئۇنىڭ ھەربىر ئىشى ئىسلام ئىدى. ئىسلامنى ھەم ئۆگەتتى ھەمدە ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى.

### سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىم

سېنى بەك سۆيىمەن،
سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىم.
يولۇڭدا جان بېرىمەن،
سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىم.

ئىسمىڭنى بەك سۆيىمەن،
ھەر نەرسەمنى بېرىمەن.
چىن يۈرەكتىن سۆزلىدىم،
سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىم.

يولۇڭغا گۈللەر سەپتىم،
سۆيگۈمنى ساڭا بەردىم.
ئىسمىڭنى يادلىۋالدىم،
سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىم.

www.munber.org

# ئاخىرەتكە ئىمان

ئاخىرەت ھاياتى دېگەن نېمە؟

بۇ دۇنيادىن كېيىن باشلىنىدىغان مەڭگۈلۈك ھايات ئاخىرەت دېيىلىدۇ.

ئاخىرەت كۈنى (قىيامەت كۈنى) دېگەن نېمە؟

ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام سۇر چېلىش بىلەن تەڭ بارلىق جانلىقلار ئۆلىدۇ. بۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئىنسانلارنىڭ تەكرار تىرىلىشى ۋە جەننەتلىكلەرنىڭ جەننەتكە، جەھەننەملىكلەرنىڭ جەھەننەمگە كىرىشىگە قەدەر ئۆتكەن زامان ”ئاخىرەت كۈنى“ دەپ ئاتىلىدۇ. باشقا بىر ئىپادىگە قارىغاندا، ئىنسانلارنىڭ ھېساب بېرىشى ئۈچۈن تەكرار تىرىلدۈرۈلىشىدىن كېيىن باشلانغان، مەڭگۈ داۋاملىشىدىغان زامان ئاخىرەت دېيىلىدۇ.

ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىش ئىماننىڭ بىر شەرتىدۇر. ”قۇرئان“ دا بۇ ھەقتە نەچچە يۈز ئايەت بار. ئاخىرەتنى ئىنكار قىلغان ئىنسان مۇسۇلمان ھېسابلانمايدۇ.

# ئۆلۈم بىر يوقىلىشمۇ؟

ئۆلۈم يوق بولۇش ئەمەس، ئاخىرەت ھاياتىغا تۇغۇلۇش ۋە يېڭى بىر ھاياتنىڭ باشلىنىشىدۇر.

# ئۆلۈم قورقۇشقا تېگىشلىك بىر ئىشمۇ؟

ئاللاھنى ياخشى كۆرگەن ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان، باشقىلارنىڭ ھەققىنى يېمىگەن ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ئادەم ئۆلىدىغان ۋاقىتتا پەرىشتىلەر ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ سالامىنى يەتكۈزىدۇ. جەننەتتىكى ئورنىنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھنىڭ ئۇنى قانچىلىك ياخشى كۆرگەنلىكى، ئۇنىڭغا ئىنئام قىلىش ئۈچۈن قانداق گۈزەل نېمەتلەر ھازىرلىغانلىقى ھەققىدە خۇشخەۋەر بېرىدۇ. ئاندىن: ”يۈر كېتەيلى!“ دەيدۇ.

ئۇ چاغدا بۇ بەختلىك ئىنسان دۇنيادىن بالدۇرراق ئايرىلىشنى ۋە ئاللاھ بىلەن كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئاللاھمۇ ئۇ بەندىسى بىلەن كۆرۈشۈشنى خالايدۇ.

ئەمما ئاللاھقا ئىمان ئېيتمىغان ئادەم بۇنداق ئەمەس، ئۇ بىچارە ئۆلىدىغان چاغدا، ئاخىرەتتە بېشىغا كېلىدىغان پالاكەتلەر ئۇنىڭغا بىلدۈرۈلىدۇ. بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق بىئارام بولىدۇ ۋە ئۆلۈمگە ئۈچ بولۇپ كېتىدۇ. ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا بېرىشنى قىلچىلىك خالىمايدۇ. ئاللاھ مۇ ئۇنى ياخشى كۆرۈپ كەتمەيدۇ.

دېمەك: ياخشى كىشىلەر ئۈچۈن ئۆلۈم قورقۇدەك بىر نەرسە ئەمەس، ئاللاھقا شۈكۈر. بىز مۇسۇلمانمىز، ئاللاھنى ياخشى كۆرىمىز ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتۇق، شۇڭا بىز ئۆلۈمدىن قورقمايمىز. ئۆلۈمدىن ئەسكىلەر، ناچارلار قورقسۇن.

www.munber.org

## ئۆلۈم دېگەن نېمە؟

بارلىق جانلىقلار تۇغۇلىدۇ، چوڭ بولىدۇ ۋە ئۆلىدۇ. ئەمما جانلىقلارنىڭ ئەڭ ئالىي دەرىجىلىكى ھېسابلانغان ئىنسان ئۈچۈن ئۆلۈم يېڭى بىر ھاياتنىڭ باشلىنىشىدۇر.

داڭلىق تۈرك شائىرى نەجىپ فازىل قىسا كۆرەك مۇنداق دېگەن:

ئۆلۈم ئۈچۈن تۇغۇلغىن يەنە قايتا بىر ئۆلگىن،

تىرىلىسەن بەرىبىر مەڭگۈ ئۆلمەس ئۆلۈمگە.

پەردە ئارقىدىن بار خەۋەر دەيدۇ: ئۆلۈم ياخشىدۇر،

يامان بولسا پەيغەمبەر كېتەرمىدى ئۆلۈمگە.

**ھېكايە:**

## يېشىل كىيىملىك كىشىنىڭ ئاخىرقى سەپىرى



ئەزان ئاۋازى چىقىۋاتقاندا، يولدا بىر ئاغىنەم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم:

- بۈگۈن جۈمە كۈنى ئىكەنلىكىنى بىلىسەن، كەل، مەسچىتكە بىللە بارايلى! دېدىم. بۇندىن ئىلگىرىمۇ تەكلىپلىرىمنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن:

- سەن مېنىڭ مەسجىدكە بارمايدىغانلىقىمنى بىلەتتىڭغۇ؟ دېدى.

مەن:

- بىلىمەن، ئەمما سەۋىگە قىزىقىۋاتىمەن، دېدىم، ئۇ:

- قانداق قىلاي، ئىشقىلىپ بارالمايمەن، بەلكىم مۇھىتنىڭمۇ تەسىرى بولۇشى مۇمكىن. ھەم ئىشتىنىمنىڭ قىرى (دەزمىلى) بۇزۇلۇپ، تىزى چىقىپ قالامدىكىن دەپ ئەندىشە قىلىدىكەنمەن، دېدى.

مەن ئىختىيارسىز ھالدا كۈلۈپ:

- چاقچاق قىلىۋاتىسەنغۇ دەيمەن؟ مۇشۇنچىلىك ئىش ئۈچۈنمۇ مەسچىتكە بارمامسەن؟دېدىم.

- چاقچاق ئەمەس، راست دەۋاتىمەن، كىيىمگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىمنى، بولۇپمۇ ”يېشىل“ رەڭنى بەكلا ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلىسەنغۇ، دېدى.

www.munber.org

ھەقىقەتەن شۇنداق ئىدى. بىر - بىرىدىن يارىشىملىق كىيىملىرىنىڭ ھەممىسى يا توق يېشىل يا سۇس يېشىل، ئىشقىلىپ يېشىل رەڭدە ئىدى. ھەرۋاقىت يېشىل رەڭنىڭ بىر تۈرىنى تاللاپ كىيىم كىيەتتى. كىيىملىرىنىڭ دەزمىلى ھېچ بۇزۇلمايتتى. ئاجايىپ رەتلىك كىيىنەتتى.

- شۇنداق قىلىپ، ھاياتىڭدا مەسچىتكە بىرەر قېتىم بېرىپ باقتىڭمۇ؟ - دەپ سورىۋېدىم:

- كىچىك چېغىمدا بوۋام بىلەن بىر قانچە قېتىم بارغان. ئەمما بۇندىن كېيىن بارىمەن دەپ ئويلىمايمەن، دېدى، ئۇ.

سۆزلىرىگە ئىنتايىن ھەيران بولدۇم ۋە بۇ تېمىنى ئېچىپ سالغىنىمغا پۇشايمان قىلدىم. ئاغىنەم بىلەن قول ئېلىشىپ خوشلىشىپلا كېتىپ قالدىم.

ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ ئىككى ئاي ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، بىر كۈنى ئۇنىڭ مەسچىتتە ئىكەنلىكىنى ئاڭلىدىم. دەرھال مەسچىتكە باردىم. مەسچىت ھويلىسىدىكى ناماز سەپلىرىنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇراتتى ۋە ئۇستىگە يەنە يېشىل يوپۇق يېپىلغان ئىدى.



مەن ئاستا يېنىغا كېلىپ پەس ئاۋازدا:

مەسچىتكە كەلمەيمەن دېگەنتىڭغۇ؟ دېدىم. ئۇ: لام، جىم دېمىدى. چۈنكى ئۇ ئۈستىگە يېشىل يوپۇق ئارتىلغان جىنازىنىڭ ئىچىدە ياتاتتى.

## قەبرە دېگەن نىمە؟

ئۆلگەن كىشى قىيامەت كۈنىگىچە ياتىدىغان يەر قەبرە دېيىلىدۇ.

## قەبرە ھاياتى ۋە قەبرە سوئاللىرى دېگەن نىمە؟

ئىنسان ئۆلگەندىن تارتىپ قايتا تىرىلىشكىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆتكەن ۋاقىت قەبرە ھاياتى دېيىلىدۇ. ئىنسان قەبرىگە قويۇلغاندىن كېيىن ئىككى پەرىشتە كېلىپ:

- رەببىڭ كىم؟ پەيغەمبىرىڭ كىم؟ دىنىڭ نىمە؟ دەپ سورايدۇ: بۇ قەبرە سوئالى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ سوئاللار ھەر قانداق ئۆلۈكتىن سورىلىدۇ: ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلى جەسىتى يوقاپ كەتكەن ياكى كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىپ كەتكەن كىشىلەردىنمۇ سورىلىدۇ.

www.munber.org

قەبرە ھاياتى ئاخىرەت ھاياتىنىڭ باشلانغۇچىدۇر. قەبرىدىكى چاغدا جەننەتكە كىرىدىغانلار جەننەتنىڭ خۇشبۇي ھىدىنى، جەھەننەمگە كىرىدىغانلار جەھەننەم ئازابىنىڭ ئاغرىتىشىنى ئازدۇر ـ كۆپتۇر ھېس قىلىشقا باشلايدۇ. قەبرە ھاياتىنى دۇنيا ھاياتى بىلەن ئۆلچەشكە بولمايدۇ.

## ئاخىرەت ھاياتىنىڭ ئۆزىنى بىر مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈپ بەرسىڭىز

بىز كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ھەركۈنى بېشىمىزدىن ئۆتكۈزگەن كىچىك ئۆلۈم ئۇيقۇدۇر. ئۇيقىمىزدا خۇشاللىقلار ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەر ياشايمىز. بۇ خاشاللىقلار ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەرنى بەدىنىمىز بىلەن ئەمەس، روھىمىز بىلەن ياشايمىز. ئۇيقۇ ۋە چۈشلىرىمىز بىز ئۈچۈن ئاخىرەت ھاياتىنىڭ بار ئىكەنلىكىگە بىر ئۈرنەكتۇر.

## كىچىك چاغدا ئۆلگەنلەردىن قەبرە سوئاللىرى سورىلامدۇ؟

ياق، كىچىك باللار ۋە ساراڭلاردىن بۇ سوئاللار سورالمايدۇ. چۈنكى باللار ۋە ساراڭلارنىڭ مەسئۇلىيتى يوق. يەنە پەيغەمبەرلەردىنمۇ بۇ سوئاللار سورالمايدۇ.

ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن قەبرىدە قانچىلىك ۋاقىت قالىدۇ؟

قىيامەت بولغۇچە.

## قاچان قىيامەت بولىدۇ؟

قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. مۇھىمى ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ياخشى ئىشلارنى كۆپرەك قىلىۋېلىش كېرەكتۇر. ئۆلۈم ـ كىچىك قىيامەتتۇر.

**ھېكايە:**

## ئەنجۈر دەرىخى

لوندونغا يېقىن ۋاتفورد ناھىيىسىدە بىر غېرىپ مازار بار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، **1800** ـ يىلى ئۆلگەن بىر دىڭىز ئارمىيە ئوفتسېرى قولىدا بىر ئەنجۈر مېۋىسى تۇتۇپ تۇرغان ھالەتتە دەپنە قىلىنىشنى ۋەسىيەت قىلغان، بۇ ئادەم ئاخىرەت ھاياتىغا ئىشەنمەيدىكەن، دوستلىرىغا مۇنداق دېگەن:

ـ مەن ئۆلگەندىن كېيىن ئەگەر بۇ ئەنجۈر كۆكلەپ ياشىرىپ چىقسا، مېنىڭ ئۇ دۇنيا ھەققىدىكى كۆز قارىشىمنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلىڭلار. ئەكسىچە بولسا، مېنىڭ توغرا.

بۇ دىڭىز ئوفتسېرى ئۆلۈپ بىر مۇددەتتىن كېيىن، مازارغا يىلتىز تارتقان بىر ئەنجۈر دەرىخى كۆكلەپ ياشىرىپ چىققان ۋە مازار تېشىنى پارچىلاپ، سىرتقا چىقىپ، ھەممە كىشى كۆرگىدەك ئېگىز قەد كۆتەرگەن.

www.munber.org

# چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلەر تىرىلەمدۇ؟

بىر نەرسىنى تۇنجى قېتىم ياسىيالىغان كىشى، ئۇنىڭ ئوخشىشىنى ياكى ئۇنىڭدىن تېخىمۇ ياخشىسىنى ياسىيالىغان كىشى، ئۇنىڭ ئوخشىشىنى ياكى ئۇنىڭدىن تېخىمۇ ياخشىسىنى ياسىيالايدۇ. مۇھىمى بىر ئەسەرنى تۇنجى قېتىم ئىجاد قىلىشتۇر، ئەڭ قىيىن بولغىنىمۇ بۇ.



سۈيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ئىنسانلارنى ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىشكە دەۋەت قىلغاندا بەزىلەر:

- تۇغۇلىمىز، ئۆلىمىز، ھايات تۈگەيدۇ. قايتا ياشاش يوق، دېگەن. يەنە بەزىلەر چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلەرنى قولىغا ئېلىپ ئۇۋاپ:

- چىرىپ تۇپىغا ئايلىنىپ كەتكەن بۇ سۆڭەكلەر يېڭىدىن ئەسلى ھالىتىگە كېلەمدۇ؟ بىز تىرىلەمدىمىز؟ دەپ مازاق قىلىشاتتى. پەيغەمبىرىمىز ئۇلارغا ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى بىلەن مۇنداق جاۋاب بەرگەن:

ئۇلار: بىز ئۆلۈپ، بىر دۆۋە سۆڭەك، بىر سىقىم تۇپىغا ئايلانغاندىن كېيىن راستىنلا يېڭىدىن يارىتىلىپ تىرىلەمدىمىز؟ دېيىشىدۇ. ئېيتقىنكى: مەيلى تاش ياكى تۆمۈر ۋەيا تېخىمۇ قاتتىق بىر ماددا ھالىتىدە بولۇشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، يەنە چىرىيسىز، ئاندىن تەكرار تىرىلىسىز.

﴿ئۇلار: «بىزنى كىم تىرىلدۈرىدۇ؟» دەيدۇ، «سىلەرنى دەسلەپتە ياراتقان الله تىرىلدۈرىدۇ» دېگىن، ئۇلار ساڭا باشلىرىنى لىڭشىتىپ: «ئۇ قاچان بولىدۇ؟» دېيىشىدۇ، (سەن) «ئۇمىدكى، ئۇ يېقىندا بولىدۇ» دېگىن. شۇ كۈندە الله سىلەرنى چاقىرىدۇ، سىلەر ئۇنىڭغا ھەمدى ئېيتىپ ئىجابەت قىلىسىلەر ۋە (دۇنيادا) پەقەت ئازغىنا تۇرغاندەك ئويلايسىلەر﴾ [سۈرە ئىسرا 49 دىن 52 – ئايەتكىچە].

﴿ئۇ بىزگە (ئىنساننىڭ قايتا تىرىلىشىنى يىراق ساناپ، چىرىگەن سۆڭەكلەرنى) مىسال قىلىپ كۆرسەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ يارىتىلغانلىقىنى بولسا ئۇنتۇدى، ئۇ: «چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلەرنى كىم تىرىلدۈرەلەيدۇ؟» دېدى. ئېيتقىنكى، «ئۇنى ئەڭ دەسلەپتە ياراتقان زات تىرىلدۈرىدۇ، ئۇ ھەر مەخلۇقنى بىلگۈچىدۇر». الله سىلەر ئۈچۈن يېشىل دەرەختىن ئوت پەيدا قىلدى. سىلەر ئۇنىڭ بىلەن ئوت ياقىسىلەر. ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان زات ئۇلارنىڭ ئوخشىشىنى يارىتىشقا قادىر ئەمەسمۇ؟ ئۇ بۇنىڭغا قادىر، الله ماھىر ياراتقۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر﴾ [سۈرە ياسىن 78دىن 81 - ئايەتكىچە].

**ھېكايە:**

www.munber.org

# تىرىلگەن تۆت قۇشنىڭ ھېكايىسى

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام خەلققە: ''مېنىڭ رەببىم ئۆلتۈرىدۇ ۋە تىرىلدۈرىدۇ'' دەيتتى ۋە ئۆزى بۇنىڭغا چىن دىلىدىن ئىشىنەتتى. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى:

- ئى رەببىم! ئۆلۈكلەرنى قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىڭنى ماڭا بىر كۆرسەتسەڭ! دەپ دۇئا قىلدى. ئۇلۇغ رەببىمىز ئۇنىڭغا:

- ئى ئىبراھىم! ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدىغانلىقىمغا ئىشەنمىدىڭمۇ؟ دەپ سورىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:



- ئەلۋەتتە ئىشەندىم! رەببىم. ئەمما بۇنى كۆزۈم بىلەن كۆرسەم، قەلبىمگە تېخىمۇ چىڭ ئورنىشاتتى، دېدى. ئۇلۇغ ئاللاھ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا:

- ئۇنداق بولسا تۆت دانە قۇش تۇت، ئۇلارنى كۆندۈرگىن، ئىسمىنى چاقىرساڭ ئۇچۇپ يېنىڭغا كېلەلەيدىغان بولسۇن، ئاندىن ئۇلارنى بوغۇزلاپ ئۆلتۈر، گۆشلىرىنى توغراپ بىر - بىرىگە ئۇبدان ئارىلاشتۇرغىن. بۇ گۆشلەرنى تۆت پارچىغا ئايرىپ ھەرپارچىنى بىر تاغنىڭ ئۇستىگە قوي، ئاندىن قۇشلارنى كۆندۈرگەن چاغلىرىدىكى ئىسىملىرى بويىچە چاقىرغىن. قۇشلارنىڭ ساڭا ئۇچۇپ كەلگەنلىكىنى كۆرسەن. بۇنى كۆرگەندىن كېيىن ئىمانىڭ كامىل بولسۇنكى، ئاللاھ ھەممىگە قادىردۇر. ئاللاھ ھېچبىر نەرسىنى بىكارغا ياراتمىغان، ھەممىنى ھېكمەت بىلەن ياراتقان.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دۇئاسىنىڭ ئىجاۋەت بولغانلىقىدىن ئىنتايىن خۇشال بولدى. دەرھال بىر كەپتەر، بىر توز، بىر قاغا ۋە بىر خورازنى تېپىپ بېقىپ، ئۆزىگە كۆندۈردى. بۇ ھايۋانلار نەدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان، ئۇنىڭ يېنىغا ئۇچۇپ كېلىدىغان بولدى.

بىر كۈنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەمرى بويىچە ئۇلارنى بوغۇزلىدى. گۆشلىرىنى بىر - بىرىگە ئۇبدان ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن تۆتكە بۆلدى. ھەر بىرىنى بىر تاغنىڭ بېشىغا قويدى. ئاندىن مۇۋاپىق بىر يەرگە بېرىپ تۇردى. ئىلگىرى كۆندۈرگەن چاغدىكى ئىسىملىرىنى تۇۋلاپ قۇشلارنى ۋە خورزانى چاقىردى. بىردەمنىڭ ئىچىدىلا تىرىلىپ جان كىرگەن ھايۋانلار ئۇنىڭغا قاراپ ئۇچۇپ كەلدى.

بۇنى كۆرگەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سەجدىگە يىقىلدى. ئاللاھقا شۈكۈر قىلدى. ئاللاھقا بولغان ئىمانى تېخىمۇ كۈچلەندى.

www.munber.org

# ئاخىرەتتە بېرىلىدىغان جازا ۋە مۇكاپات بارمۇ؟

ئاخىرەت ـ دۇنيادا قىلىنغان ياخشىلىقلارغا مۇكاپات، ئەسكىلىكلەرگە جازا بېرىلىدىغان كۈندۇر. توغرىنى خاتادىن ئايرىيدىغان، كىشىنىڭ ياخشىلىقى مۇكاپاتسىز، ئەسكىلىكى جازاسىز قالمايدىغان كۈندۇر.

ھەربىر ياخشىلىققا ئۇن ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك مۇكاپات، ھەربىر يامانلىققا بىر جازا بېرىلىدۇ.

جەننەت: مۇكاپات يېرى. مۆمىنلەر ئۈچۈن ھازىرلانغان. بىر ئايەتتە: ”جەننەتتە سىز ئارزۇ قىلغان، سىزگە خۇشياقىدىغان ھەرقاندا نەرسە بار“ دېيىلگەن.

جەھەننەم: ئاللاھقا قارشى ئىسيان قىلغانلارنىڭ جازالىنىدىغان يېرى. ئۇ يەرگە كاپىر ۋە مۇناپىق پېتى ئۆلگەنلەر بىلەن گۇناھى ساۋابىدىن كۆپ بولغان، كەچۈرۈم قىلىنىشقا لايىق كۆرۈلمىگەن مۆمىنلەر كىرىدۇ. ئەمما مۆمىنلەردىن كىرگەنلەر گۇناھىغا چۇشلۇق مەلۇم ۋاقىت جازالانغاندىن كېيىن چىقىدۇ. كاپىرلار ۋە مۇناپىقلار، مۇشرىكلار بولسا داۋاملىق قالىدۇ.

**ھېكايە:**

## چاقماق

پويىزدا يېنىمدا ئولتۇرغان ئادەم ئۇدۇلىمىزدىكى يىگىتكە سۆز تاشلاپ:

ـ تاماكا ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدۇ. ئال! بىر تال چەك، دېدى.

يىگىت بۇ ئادەم تەڭلىگەن تاماكىنى سىلىق ـ سىپايە رەت قىلىپ:

ـ رەھمەت، مەن چەكمەيمەن، دەپ جاۋاب بەردى. بۇ ئادەم:

ـ ئەمما... نېمىشقا؟ ئاناڭ ئاچچىقلامدۇ؟ دېدى.



بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئەتراپتىكىلەر كۈلۈشتى. مېنىڭمۇ جېنىم سىقىلۋاتاتتى. ئۇخلاش ئۈچۈن يۇمغان كۆزلىرىمنى ئېچىپ يىگىتكە سەپسالدىم. 20 ـ 22 ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى بۇ يىگىتنىڭ پاك ـ پاكىزلىقى بىلىنىپ تۇرغان يۈزى بىرئاز قىزارغان ئىدى.

ـ ھەرھالدا ئاسلان سۈتىنىمۇ ئىچمەيسەنغۇ دەيمەن، دەپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى يېنىمدىكى بۇ ئادەم. يىگىت ئۇنىڭ ھاراق توغرىلىق سۆزلەۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ:

ـ پېۋىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا بارلىق ھاراقلار ھەممىسى ھارام. مەن ئەلۋەتتە ئىچمەيمەن، دېدى.



www.munber.org

بۇ گەپ ـ سۆزلەر مېنىڭ ۋە ئەتراپتىكى يولۇچىلارنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ھەممەيلەن قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاۋاتاتتى. ئۇ ئادەم:

ـ ئۇنداقتا، سېنىڭچە شۇ لاتارىيە بېلىتى قانداقراق؟ ھېلىقى تېلېۋىزوردا ئىلانى بېرىلىۋاتقان ، دېدى. يىگىت:

ـ ئۇمۇ شۇنداق، يەنى بارلىق قىمارلارغا ئوخشاش ئۇمۇ ھارام، دېدى. ئادەم زاڭلىق قىلغاندەك بىر ئاھاڭدا:

ـ ئەمما بەك مۇتەئەسسىپ ئىكەنسەن قېرىندىشىم. مىللىي لاتارىيە بېلىتىنىڭ مىللى كوماندىدىن بىر پەرقى يوققۇ؟ دېدى.

يىگىت يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ گەپ قىلمىدى. ئەمما سىقىلغانلىقى مانا مەن دەپ بىلىنىپلا تۇراتتى. ئۇ ئادەم بولسا ئۆزىچە ئۇنى گەپتە يەڭگەندەك ھېس قىلىپ، يىگىتنى زېرىكتۈرۈۋەتكەن ئىدى. ئادەم تاماكىسىنىڭ تۈتىنىنى يىگىتكە قارىتىپ، خۇددى قەھرىماندەك پۈۋلەپ:

ـ جەھەننەمدىن قورقۇپ، دۇنيانىڭ بارلىق لەززەتلىرىدىن مەھرۇم قىلىۋاتسىلەر توغرىمۇ بۇ قىلغىنىڭلار؟ دېدى.

يۆلىنىپ ئولتۇرغان يېرىمدىن ئالدىغا ئېڭىشىپراق قوپۇپ ئۇ ئادەمگە قارىدىم. ئۇ ئادەم ماڭا بۇرۇلۇپ:

ـ شۇنداق ئەمەسمۇ؟ دوستۇم، مېنىڭ دېگىنىم توغرا ئەمەسمۇ؟ ھەممىمىز ئازدۇر ـ كۆپتۇر كۆيىمىزغۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممە ئادەم بىلەن بىللە كۆيگەندىن كېيىن قورققۇدەك نېمىسى بار؟ دېدى. بۇ گەپلەرگە قاتتىق ئاچچىقىم كەلگەن ئىدى. ئەمما يەنىلا تەمكىن كۆرۈنۈشكە تىرىشىپ:



ـ ھەقىقەتەن جەسۇر ئىنسان ئىكەنسىز، ئوتتا كۆيۈشتىن راستىلا قورقمايدىغان ئوخشىمامسىز؟ دېدىم. ئۇ ئادەم.

ـ بەك قورقمەن دېيەلمەيمەن. ھەممە ئادەم ئوخشاش كۆيسە، مەن قېيىنىلىپ نېمە قىلاي؟ ھەممىمىز بىللە بولغاندىكىن ئازاب ھېسلابلانماس، دەپ جاۋاب بەردى. مۇشۇ گەپلەرنى قىلغاچ ئورۇندىقىغا يۆلىنىپ، دەرىزىنىڭ يېنىدىكى تاماكا قۇتىسىغا قول ئۇزاتتى. مەن تاماكا قېپىنىڭ يېنىدا تۇرغان چاقماقنى ئۇنىڭدىن بۇرۇن چاققانلىق بىلەن ئېلىپ ياندۇرۇپ:

ـ ئەكېلىڭ، ئۆتنى مەن يېقىپ بېرەي ، دېدىم. ئۇ تاماكا قۇتىسىدىن بىر تاماكىنى ھاكاۋۇرلۇق بىلەن ئېلىپ، چاقماقتىكى ئوتقا ئۇزىتىۋېدى، مەن:

ـ ياق، تاماكىنى ئەمەس، بارمىقىڭىزنى ئەكېلىڭ، دېدىم. ئۇ ئادەم:

ـ چۈشەنمىدىم، نېمىشقا بارمىقىنى ئەكېلىمەن؟ دېدى. مەن:

ـ جەھەننەمدە كۆيۈشتىن قورقمايدىغانلىقىڭىزنى بىزگە بىر كۆرسىتىپ قويسىڭىز، ھەممىمىز سىزگە قىزىقىۋاتىمىز، دېدىم.

www.munber.org



ئۇ ئادەم نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ قالدى. ئىككى سائەتتىن بىرى توختىماي گەپ قىلغان زاۋۇنى ئەمدى تۇتۇلدى. ئۇسال ھالدا بىرئاز تۇرغاندىن كېيىن:

- مەن بۇ بېكەتتە چۈشىمەن، دەپلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن قىستىلىپ ئۆتۈپ كۆزدىن يوقالدى.

ئۇ ئادەم كېتىپ بىر ئازدىن كېيىن، چاقماقنىڭ مەندە قالغانلىقى ئىسىمگە كەلدى. بۇنى ئۇدۇلىمدىكى يىگىتمۇ كۆرۈپ كۈلدى. مەن چاقماقنى يىگىتكە ئۇزۇتۇپ:

- تاماكا چەكمەيدىكەنسەن، ئەمما چاقماق سەندە قالسۇن، ئۇنىڭدىن قانداق پايدىلىنىشنى ئوبدان بىلىسەن، دېدىم.

## قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى بارمۇ؟ ئۇلار قايسىلار؟

دابىبەتۇلئەرز: يەردىن چىققان ۋە ئىنسانلار بىلەن سۆزلىشىدىغان بىر جانلىقتۇر. ئىنسانلار ئىچىدىكى ئاللاھقا ئىمان ئېيتقانلار بىلەن ئىمان ئېيتمىغانلارنى ئاشكارا بىلدۈرىدۇ. قىيامەتنىڭ چوڭ ـ كىچىك ئالامەتلىرى (ئىشارەتلىرى) بار. چوڭ ئالامەتلەر:

تۇمان:

قىيامەت بولۇشتىن ئىلگىرى دۇنيانى تۇمان قاپلايدۇ. بۇ تۇمان سەۋەبىدىن مۇسۇلمانلار زۇكام بولغاندەك، كاپىرلار مەست بولغاندەك بولۇپ قالىدۇ.

دەججال:

دەججال چىقىدۇ، بىر كۆزلۈك پاكار بويلۇق، پاچاقلىرىنىڭ ئارىسىنى ئوچۇق ۋە لەنەتلەنگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاللاھ ئىكەنلىكىنى سۆزلەيدۇ. پۈتۈن دۇنيانى ئايلىنىدۇ. پەقەت مەككە بىلەن مەدىنىگە كىرەلمەيدۇ.

قۇياشنىڭ غەربتىن چىقىشى:

كۈن چىققان يەرگە پاتىدۇ. پېشىن ۋە ئەسىر ۋاقتىغىچە چىققاندىن كېيىن يەنە غەربكە پاتىدۇ.

يەجۇج ۋە مەجۇج:

يەجۇج ۋە مەجۇج ئىسىملىك بىر مىللەت دۇنيانى خاراب قىلىدۇ.

مەسىھ:

ئىسا ئەلەيھىسسالام يەر يۈزىگە چۈشىدۇ.

ئوت ئاپىتى:

www.munber.org

يەمەندىن چىققان بىر ئوت پۈتۈن ئىنسانلارنى كۆيدۈرىدۇ. بۇ خىل ھادىسىلەر يۈز بەرگەندە ئاللاھ تائالا بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغان ئىسرافىل ئەلەيھىسسالامغا ئەمر قىلىدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن ئىسرافىل سۈر چالىدۇ. سۈر چېلىنىشى بىلەنلا بارلىق جانلىقلار شۇ ھامان ئۆلىدۇ.

## مازاردا سورالغان سوئاللاردىن باشقا ئاخىرەتتە يەنە سوئال ـ سوراق بارمۇ؟

ئەلۋەتتە بار. مەھشەر كۈنى ئىنسان بارلىق قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى ھەققىدە سوراققا تارتىلىدۇ.

## مەھشەر دېگەن نېمە؟

ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام سۈر چېلىش بىلەنلا بارلىق ئىنسانلار، جانلىقلار ئۆلىدۇ. ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم قالمايدۇ. بىر مۇددەت مۇشۇ پېتى قالغاندىن كېيىن ئىسراپىلنى تىرىلدۈرىدۇ. ئىسرافىل يەنە بىر قېتىم سۈر چالىدۇ. ئىنسانلار دەرھال تىرىلىدۇ ۋە قىلغان ئەمەللىرىدىن سوئال ـ سوراققا تارتىلىش ئۈچۈن مەھشەر مەيدانىغا يىغىلىدۇ. مەھشەر ـ دۇنيا بارلىققا كەلگەندىن باشلاپ كېلىپ ـ كەتكەن بارلىق ئىنسانلار تىرىلىپ توپلىنىدىغان بىر يەر. بارلىق ئىنسانلار ئوخشاش بىر مەيدانغا يىغىلىدۇ. تونۇشلار، ئاتا ـ ئانا بىر تۇغقانلار، دوست ـ بورادەرلەر، ئەر ـ خوتۇنلار بىر ـ بىرىنى كۆرىدۇ. ئەمما ھەممە كىشىنى ئۆزىنىڭ دەردىدە بولغاچقا، باشقىلارغا قاراشقا چولىسى تەگمەيدۇ. ھەممەيلەن قورقۇنچ ئىچىدە، تەر ئىچىدە... ھەق ـ ناھەق، ھەممە ئىش مەيداندا. باشقىلارنىڭ ھەققىنى ئېلىۋالغانلارنىڭ ياقىسىغا ھەق ئىگىلىرى: ھەققىمنى بەردەپ ئېسىلىۋالغان... ھاللاردا بولىدۇ.

## مەھشەردە جاپا تارتمايدىغانلار كىملەر؟

مەھشەردىكى جاپا ـ مۇشەققەتنى تارتماي ئاللاھنىڭ سايىسىدە سايىدايدىغانلارنى سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق بىلدۈرۈلگەن:

”ئۇلۇغ ئاللاھ ھېچقانداق سايە جاي يوق مەھشەر كۈنى يەتتە تۈرلۈك ئىنسانىنى ئۆزىنىڭ مەخسۇس سايىۋېنىدە سايىتىدۇ. بۇ كىشىلەر:



1 ـ ئادىل ھۆكۈمدار.

2 ـ ئاللاھقا ئىبادەت قىلىپ يېتىشكەن ياش.

3 ـ ھەمىشە مەسچىتكە بارىدىغان، جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدىغان كىشى.

4 ـ ئاللاھ ئۈچۈن بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرگەن. بۇ تۈيغۇدا بىرلىشىپ، يەنە بۇ تۈيغۇدا بىر ـ بىرىدىن ئايرىلغان ئىككى كىشى.

www.munber.org

5 ـ كـۆزەل ۋە ئېسـىل نەسەپـلىك بىـر ئايـال: ”كـەل، بىللـە بولايلـى“ دېسـە، ”يـاق، مـەن ئـاللاھتىن قورقىمەن“ دەپ ئايالنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلغان ئەر كىشى.

6 ـ ئوڭ قولى بىلەن بەرگەن سەدىقىنى سول قولى بىلمىگۈدەك دەرىجىـدە ياشقىلارغا كۆرسەتمەي مەخپىي بەرگەن كىشى.

7 ـ ھېچكىم يوق يەردە. ئاللاھنى ئەسلەپ، كۆز يېشى تۆككەن كىشى.

## ئاللاھ بارلىق ئىنسانلاردىن بىرلا ۋاقىتتا سوئال ـ سوراق قىلامدۇ؟

شۇنداق، ئاللاھ بـارلىق ئىنسـانلاردىن بـىرلا ۋاقىتتا ھېسـاب ئالىدۇ. ئەمما ھـەر ئىنسان مېنـىڭ ھېسابىم قىلىندى، دەپ بىلىدۇ.

## ئەمەل دەپتىرى دېگەن نىمە؟

مەھشـەردە ئىنسانلارغا دەپتەرلىرى (پەرىشـتىلەر ئىنسان دۇنيـادىكى چـاغدا يېزىـپ خاتىرلىگـەن دەپتـەر) تـارقىتىپ بېـرىلىدۇ. جەننەتكـە كىرىدىغانلارغـا ئـوڭ تەرەپـتىن، جەھەننەمگـە كىرىدىغـانلار سـول تەرەپـتىن بېـرىلىدۇ. سۇبھانـاللاھ ! بـۇ دەپتەرلەرگـە نىملـەر يېزىلمىغـان! ھاياتىدا قىلغـان بـارلىق ياخشـىلىق ۋە يامـانلىق تولـۇق يېزىلغـان، ھېچبىـرى چۈشـۈپ قالمىغـان، تېـنىۋالغۇدەك ھـېچ ئـىش يـوق. يـاق، مـەن قىلمىدىـم دېگـىلى بولمايدىغان دەرىجىدە بىر مۇ ـ بىر تىزىملانغان.

كىتابى (ئەمەل دەپتىرى) ئوڭ تەرەپتىن بېرىلگەن ئادەم:

ـ كېلىـڭلار! ئوقـۇڭ مېنـىڭ كىتـابىمنى! مـەن ھېسابىمنىڭ مۇشـۇنداق كۆرىلىدىغانلىقىنى بىلـەتتىم، دەيـدۇ. خۇشـاللىق بىلـەن، ئـەمدى بـۇ ئـادەم ئـالىي جەننەتتـە بـەختلىك ياشـايدۇ. ئـۇ جەننـەتنىڭ مېۋىلـىرىنى قولـىنى ئۇزىتىپلا ئالغىلى بولىدىغان... جەننەتتىكىلەرگە:

ـ دۇنيادا قىلغان ياخشى ئىشىڭلارنىڭ مۇكاپاتى ئۈچۈن خالىغانچە يەپ ـ ئىچىڭلار، دېيىلىدۇ.

كىتابى (ئەمەل دەپتىرى) سول تەرەپتىن بېرىلگەن ئادەم:

ـ كاشـكى، مېنـىڭ كىتـابىم ماڭـا بېرىلمىگـەن بولسـىچۇ! ھېسـابىمنىڭ قـانداق بولغـانلىقىنى بىلمىگـەن بولسامچۇ! ئېست! كاشكى ئۆلۈم بىلەن ھەممە نەرسە تۈگىگەن بولسا قانداق ياخشى بولغان بولاتتى ـ ھە؟ مال ـ دۇنيالىرىم ماڭا پايدا قىلمىدى! كۈچ ـ قۇۋۋىتىم يوقالدى! دەيدۇ. ئاللاھ جەھەننەمگە مەسئۇل پەرىشتىلەرگە:

ـ ئۇنى تۇتۇڭلار! زەنجىر بىلەن باغلاڭلار! ئوتقا تاشلاڭلار! دەيدۇ.

## ھېساب دېگەن نىمە؟

ئاللاھ تائالا بارلىق ئىنسانلاردىن بىرلا ۋاقىتتا ھېساب ئالىدۇ. ئەمما ھـەر ئىنسـان پەقەتلا مېنـىڭ ھېسابىم قىلىندى دەپ ئويلايدۇ. پەيغەمبىرىمىزنىڭ دېيىشىچە بۇ ھېسابتا:

www.munber.org

1 ـ ئۆمرنى قانداق يولدا سەرپ قىلغانلىقى،

2 ـ بىلگىنى بويىچە نىمە ئىش قىلغانلىقى.

3 ـ پۇل ـ مالىنى نەدىن تېپىپ، نەگە خەجلىگەنلىكى (ھالالمۇ ـ ھارامموٗ؟)

4 ـ كۈچ ـ قۇۋۋەتنى قايسى يوللاردا (ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئۇيغۇن بولغان ياكى ئۇيغۇن بولمىغان يوللاردا) ئىشلەتكەنلىكى سورىلىدۇ. بۇنىڭ ھېسابى ئېنىق ئېلىنىدۇ.

## مىزان دېگەن نىمە؟

ياخشىلىق ۋە يامانلىقلىرىمىز تارتىلىدىغان، قانداق ئىكەنلىكىنى بىز بىلەلمەيدىغان بىر تارازىدۇر. مەھشەر كۈنى ھېچكىمگە قىلچىلىك زولۇم قىلىنمايدۇ. يەنى قىلغان ھەر بىر ياخشى يامان ئىشنىڭ ھەممىسى شۈبھىسىز بۇ تارازىدا تارتىلىدۇ. ئەمما بىر ياخشىلىق ئون ياخشىلىق ھېسابىدا، بىر يامانلىق بولسا بىر يامانلىق ھېسابىدا قوبۇل قىلىنىدۇ.

## سىرات دېگەن نىمە؟

ھەممە كىشى ئۆتىدىغان بىر يول، بىر كۆۋرۈكتۇر. جەھەننەمنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان بۇ كۆۋرۈكتىن مۆمىنلەر ئۆتۈپ جەننەتكە كىرىدۇ. مۇشرىك (ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن)، كاپىر، مۇناپىقلار جەھەننەمگە چۈشۈپ كېتىدۇ. كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشنىڭ ئاسان ياكى تەس بولۇشى دۇنيادا ئاللاھقا قۇللۇق قىلىش دەرىجىسىگە ئاساسەن بولىدۇ.

سىرات كۆۋرۈكىدىن ئەمەللىرىمىز تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۆتىمىز.

سىرات كۆرۈكى ـ ئۈستىدە ئىلمەكلەر، تىكەنلەر بار بىر كۆۋرۈكتۇر.

بۇ ئىلمەكلەرگە ئىلىنىپ قالماي، پەسكە چۈشۈپ كەتمەي كۆۋرۈكتىن ئۆتۈش ئىنتايىن تەس. چۈشۈپ كەتسە ئۇدۇل جەھەننەمگە بارىدىغان گەپ، ئەمما ئاق يۈز ھېساب بەرگەنلەر ئۈچۈن سىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈش ھېچبىر مەسىلە ئەمەس.

ئەڭ ياخشىلار ئەڭ تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ: يەنى، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە، چاقماقتەك، شامالدەك، ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكىلەر دەرىجىلىرىگە ئاساسەن ئۆتىدۇ. قانداق ئۆتسە ئۆتسۇن، ئىشقىلىپ ئۆتەلىگەنلەرنىڭ ھەممىسى جەننەتكە كىرىدۇ.

مەھشەردە سىراتتا قېيىن ئەھۋالدا قالغان مۆمىنلەرگە پەيغەمبىرىمىز ئاللاھنىڭ رۇخسىتى بىلەن ئاللاھتىن كەچۈرۈم قىلىشنى تىلەيدۇ. بۇ ”شاپائەت“ دەپ ئاتىلىدۇ.

www.munber.org

## ھەۋز دېگەن نېمە؟

ھەر پەيغەمبەرنىڭ بىر ھەۋزى باردۇر. بۇنىڭدىن ئۈممىتىنىڭ ئىچىدىكى لايىق بولغانلارغا ئەڭ تاتلىق ۋە سۈزۈك بىرخىل ئىچىملىك بېرىلىدۇ. بۇنى ئىچكەنلەر مەڭگۈ ئۇسسىمايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن جەننەتتە ئىچىلىدىغان نەرسىلەر ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى لەززىتىنى تېتىش ئۈچۈن ئىچىلىدۇ.

كەلدۇق ئىبادەت ئۈچۈن، قايتىمىز ھېساب ئۈچۈن،

مېھمانمىز بۇ دۇنيادا، ئۆلىمىز تىرىلىش ئۈچۈن....

## جەننەتكە قانداق كىرىمىز ۋە قانچىلىك ۋاقىت قالىمىز؟

جەننەتنىڭ ئاچقۇچى ئىمان، ئىبادەت ۋە گۈزەل ئەخلاقتۇر. جەننەتتە مەڭگۈ قالىمىز.

## ئىمانسىز ھالدا جەننەتكە كىرگىلى بولامدۇ؟

كىرگىلى بولمايدۇ، ئاللاھ جەننەتنى دۇنيادىكى ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلەرگە مۇكاپات قىلىپ بەرگەن.

## گۇناھكار مۆمىنلەر جەننەتكە كىرەلەمدۇ؟

قىلغان ئەسكىلىكلىرى ياخشىلىقلىرىدىن كۆپ بولۇپ قالغان مۆمىن جەھەننەمدە گۇناھىغا چۇشلۇق جازانى تارتىپ بولغاندىن كېيىن جەننەتكە كىرىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا جەننەتتە قانداق مۇئامىلە قىلىدۇ؟

ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا ئادىل مۇئامىلە قىلىدۇ. ئەمما رەھىم - شەپقىتى زىيادە بولىدۇ. ئاللاھ تائالا يۈز شەپقەتتىن بىرىنى دۇنياغا بەرگەن. يۈزدە بىر شەپقەت سايىسىدە بارلىق جانلىقلار بىر - بىرىگە شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان بولغان. قالغان **99** شەپقەت بىلەن ئاخىرەتتە بەندىلەرنى كەچۈرۈم قىلىدۇ.

## ئاللاھ ئەپۇ قىلمايدىغان گۇناھلار قايسىلار؟

ئاللاھ ھەرگىز ئەپۇ قىلمايدىغان گۇناھلار:

**1** - ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش.

**2** - كىشىنىڭ ھەققىنى يەۋېلىش (ئىنسانلارنىڭ بىر - بىرىدىكى ھەققى ۋە ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلىش)

www.munber.org

## جەننەتتە ئەڭ ئېسىل نېمەت نېمە؟

ئاللاھنى كۆرۈش، ئىنسان ئۈنىڭ لەززىتىگە قانمايدۇ.

## جەننەتتە ئىنسانلار ئاللاھنى كۆرەلەمدۇ؟

جەننەت ئاللاھنى پەقەت مۇسۇلمانلار كۆرەلەيدۇ.

## جەننەت ۋە جەھەننەمدە ئۆلۈم بارمۇ؟

يوق، ئۆلۈم ئەمدى يوقتۇر. ئۇ يەردە مەڭگۈ ياشايدۇ.

## جەننەت قانداق يەر؟

ئۇلۇغ ئاللاھ ئۆزىگە ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئىشلارنى قىلغان ئىنسانلارنى مۇكاپاتلايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. بۇ مۇكاپات ـ جەننەتتۇر. جەننەت قۇرئان كەرىمدە: ئۇنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، خىلمۇخىل مېۋىلەر بار بولغان بىر يەر، دەپ تەسۋىرلەنگەن. ئۇ يەردە ئىستىگەن ھەرقانداق نەرسىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن.

## جەھەننەم قانداق جايدۇر؟

جەھەننەم ـ ئاللاھقا ئىمان ئېيتمىغان ۋە گۇناھتا ئەزۋەيلىگەن كىشىلەر جازالىنىدىغان يەرنىڭ ئىسمىدۇر. بۇ دۇنيادا ئەسكىلىك قىلغانلار ئۇ دۇنيادا جازاسىنى تارتىدۇ. گۇناھ قىلغان مۇسۇلمانلار جەھەننەمدە گۇناھىغا چۇشلۇق جازانى تارتىپ بولغاندىن كېيىن جەننەتكە كىرىدۇ.

## جەھەننەمگە كىرمەسلىك ئۈچۈن نېمە قىلىش كېرەك؟

ئۇلۇغ ئاللاھ ھېچبىر بەندىسىنىڭ جەھەننەمگە گەرچە گۇناھ قىلغان بولسىمۇ، كىرىشىنى خالىمايدۇ. ئەمما كەچۈرۈم تىلىگەن ۋە تەۋبە قىلغان بەندىسىنى ئاللاھ ئەپۇ قىلىدۇ. جەھەننەمگە كىرمەسلىك ئۈچۈن گۇناھ ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش، قىلىپ سالغان گۇناھلارغا تەۋبە قىلغاندىن كېيىن قەتئىي گۇناھلار قىلماسلىق كېرەك.

www.munber.org

## ئاخىرەتكە ئىشىنىشنىڭ كۆندىلىك تۇرمۇشىمىزدىكى تەسىرلىرى قايسىلار؟

ئاخىرەتكە ئىشەنگەن ئىنسان ھەر يەردە، ھەرزامان ئۆزىنى ئاللاھنىڭ كۆرۈپ تۇرىۋاتقانلىقىغا ئىشىنىدۇ. قىلغان ياخشىلىق ۋە ئەسكىلىكىگە لايىق. مۇكاپات ياكى جازاغا ئۇچرايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئەسكىلىكتىن ئۇزاق تۇرىدۇ.

ئاخىرەتكە ئىشەنگەن ئىنسان ئۆلۈمدىن قورقمايدۇ. ياخشى كۆرگەن كىشىلىرى ئۆلگەندە، ئۇ دۇنيادا سۆيگەن كىشىلىرى بىلەن بىللە بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

ئاخىرەتكە ئىشەنگەن ئىنسان باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە دىققەت قىلىدۇ. ئەتراپىدىكىلەرگە مېھرى ـ شەپقەت، سۆيگۈ ۋە ياردەم قىلىشتا ئۈلگە بولىدۇ.

ئاخىرەتكە ئىشەنگەن ئىنسان ۋاقىتنىڭ ئىنتايىن قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. چۈنكى دۇنيا تېرىقچىلىق قىلىدىغان ۋە ئىشلەيدىغان يەردۇر. ئۆلگەندىن كېيىن ئىمان ئېيتىش، ياخشى ئىش قىلىش ۋە ئىشلەش يوق. شۇڭا ۋاقىتنى چىڭ تۇتىدۇ.

ئاخىرەتكە ئىشەنگەن ئىنسان دۇنياغا كېلىشتىكى مەقسەتنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن خاتا يوللارغا، خاتا پىكىر كۆز قاراشلارغا ئالدانمايدۇ. كۆڭلى راھەت بولىدۇ.



**ھېكايە:**

## تۆت نەسىھەت

ئەسكىلىكتە داڭقى چىققان بىر ئادەم بار ئىدى. بۇ ئادەم يەنە ئەسكى ئىشلارنى قىلىۋېرىشنى خالىمىسىمۇ، ئەمما كۆنۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن قول ئۈزەلمەيۋاتاتتى. ئەتراپىدا ئىسلامنى بىلىدىغان ۋە

www.munber.org

مۇسۇلماندەك ياشايدىغان بىرەيلەن ئىزدىدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا: ‹‹ئىبراھىم ئەدھەمنىڭ يېنىغا بارغىن›› دېدى. گۇناھكار ئادەم ئىبراھىم ئەيھەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

- مەن ھەر تۈرلۈك ئەسكىلىكلىرىمدىن قول ئۈزەلمىدىم. مېنى يامان يولدىن قەتئىي ياندۇرىدىغان نەسىھەتلەر بولسا بەرسىڭىز، دېدى. ئىبراھىم ئەدھەم:

- ساڭا تۆت نەسىھەت قىلىمەن، ئەگەر بۇلارنى ئېسىڭدە چىڭ ساقلىساڭ، ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن يامان يولدىن قايتىسەن، دېدى.

ئۇ ئادەم بەك خۇش بولدى ۋە دىققەت بىلەن ئاڭلاشقا باشلىدى. ئىبراھىم ئەدھەم نەسىھەتلەرنى ساناپ:

- بىرىنچى نەسىھىتىم شۇكى، نەردە تۇرساڭ تۇر، نىمە ئىش قىلساڭ قىل، ئەمما ئاللاھنىڭ سېنى كۆرۈپ تۇرىۋاتقانلىقىنى ئۇنۇتما!

- ئىككىنچى نەسىھىتىم شۇكى، ئەگەر بىر ئەسكى ئىش قىلساڭ، ئاللاھ بەرگەن رىزىقنى يېمە. چۈنكى ھەم ئاللاھقا ئىشەنسەڭ. بەرگەن رىزىقلىرىنى يېسەڭ، ھەم ئاللاھقارشى ئەسكى ئىش قىلساڭ بۇ بولامدۇ؟ دېدى.

ئىبراھىم ئەدھەم ھەربىر نەسىھەتنى دەپ بولۇپ، بىر ئاز جىم تۇراتتى. نەسىھەتلەر گۇناھكار ئادەمنىڭ قەلبىگە چىڭ ئورناشماقتا ئىدى. ئۇ ئادەم:

- ئۈچىنچى نەسىھىتىڭىز نىمە؟ دەپ سورىدى. ئىبراھىم ئەدھەم ئىنتايىن تەمكىن ۋە دانە - دانە سۆزلەپ:



- ئۈچىنچى نەسىھەتىم شۇكى: ‹‹بىر گۇناھ قىلىشنى ئويلىغان ۋاقتىڭدا بۇ دۇنيانىڭ ۋە ئىچىدىكى بارلىق نەرسىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ مال - مۈلكى ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتما!. گۇناھ قىلغان ھامان، ئاللاھنىڭ مۈلكىدە ئولتۇرما ئۈزەڭگە باشقا مۈلۈك ئىزدە›› دېدى.

ئۇ ئادەم ئاللاھقا ئىشىنەتتى. كېكەچلەپ تۇرۇپ:

- لېكىن كەتكۈدەك باشقا يەر، يۇرت يوق تۇرسا، ھەر يەر ئاللاھنىڭ مۈلكى، دېدى. ئىبراھىم ئەدھەم ئۇ ئادەمنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ:

- بۇ نىمدېگەن نانكۆرلۈك! ھەم ئاللاھنىڭ مۈلكىدە ئولتۇرساڭ، ھەم ئۇنىڭغا قارشى ئىش قىلساڭ، بولامدۇ؟ دېدى. بۇ گەپلەر ئادەمنىڭ قەلبىگە مەھكەم ئورناشتى. ئادەم تۆتىنچى نەسىھەتنى سورىدى. ئىبراھىم ئەدھەم:

ئۆلىدىغان چېغىڭدا ئەزرائىل كېلىپ جېنىڭنى ئالىدۇ. ئۇنىڭغا: ‹‹ئى ئەزرائىل ھازىر كەت! مەن گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىۋالاي، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىۋالاي، كېيىن كەل›› دېگىن، دېدى. ئادەم ھەيران بولۇپ:

www.munber.org

ـ لېكىن ئۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ. ئەزرائىلدىن قانداقمۇ مۆھلەت سورىغىلى بولسۇن؟ ئۇ كەلگەندە مەن ھېچنېمە قىلالمايدىغان تۇرسام، دېدى. ئىبراھىم ئەدھەمنىڭ نەسىھەتلىرى تامام بولدى.

ـ ئى ئادەم، ئاللاھنىڭ كۆرۈۋاتقانلىقىنى بىلسەڭ، ئۇ بەرگەن رىزىقنى يەيسەن، ئۇنىڭ مۈلكىدە ئولتۇرۇۋاتىسەن، جېنىڭنى ئالىدىغان پەرىشتە كەلگەندە، ئۇنىڭدىن مۆھلەتمۇ ئالالمايسەن، شۇڭا ئەزرائىل كېلىشتىن بۇرۇن دەرھال تەۋبە قىل. ئۆتمۈشتىكى باشقىلارنىڭ ھەققىنى بەر، سەندە كىشىلەرنىڭ ھەققى قالمىسۇن، ئاللاھقا گۈزەل ئەخلاق ۋە ئىبادەت بىلەن يېقىنلىششقا تىرىش! دېدى.

بۇ تۆت نەسىھەتتىن قاتتىق تەسىرلەنگەن ئادەم يىغلاشقا باشلىدى. گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلدى. بۇنىڭدىن كېيىن قەتئىي گۇناھ قىلماسلىققا نىيەت قىلدى. مېلى، جېنى بىلەن ئىسلام يولىدا ئىشلىدى. كونا دوست ـ ئاغىنىلىرىنى ئۆزگەرتتى. ئىبراھىم ئەدھەمگە تالىب بولدى. ھەم بىلىمىنى ئاشۇردى. ھەم يامان يولدىن يېنىپ، ياخشى يولدا ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا باشلىدى.



## تەقدىرگە (قەدەر ۋە قازاغا) ئىمان ئېيتىش

قەدەر (تەقدىر) دېگەن نېمە؟

بولىدىغان ھەر ئىشنىڭ نەدە، قاچان ۋە قانداق بولىدىغانلىقىنىڭ ئىلگىرى ئاللاھ تەرىپىدىن بىلىنىپ يېزىلىشى قەدەر دېيىلىدۇ.

www.munber.org

# قازا دېگەن نېمە؟

بولىدىغان ھەر ئىشنىڭ ۋاقتى كەلگەندە ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئەمەلگە ئېشىشى قازا دېيىلىدۇ.

قەدەر بىر پىلان بولسا، قازا بۇ پىلاننىڭ يەنە ئاللاھ تەرىپىدىن ئەمەلىيەتكە ئايلىنىشىدۇر. ھەرقانداق ئىش مەيدانغا كېلىشتىن ئىلگىرى ئۇ قەدەر ئىدى.

مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن قازا بولدى.

# قەدەرنى چۈشەندۈرۈپ بەرسىڭىز

كالېندار ۋاراقلىرىنى ئۆرۈپ قارىغان چاغدا مەلۇم بىر كۈن ۋە مەلۇم بىر سائەتتە كۈن تۇتۇلىدىغانلىقى يېزىلغانلىقىنى ئۇقۇيمىز. كالېنداردا يېزىلغان كۈن ۋە سائەت كەلگەندە كۈن تۇتۇلىدۇ. كالېندار نەچچە ئاي ئىلگىرى ھازىرلانغانلىقىنى بىلىمىز. ئەمدى ئۆز ـ ئۆزىمىزدىن سوراپ باقايلى: قوياش كالېنداردا ”كۈن تۇتۇلىدۇ“ دەپ يېزىلغانلىقى ئۈچۈن تۇتۇلدىمۇ؟ جاۋاب: ياق، چۈنكى كۈننىڭ تۇتۇلىدىغانلىقى نەچچە ئاي ئىلگىرى مۇتەخەسسىسلەر (ئاسترونوم) تەرىپىدىن ھېسابلاپ چىقىلغان ۋە كالېندارغا يېزىلغان. قۇياشنىڭ تۇتۇلۇشى قۇياشنىڭ ئۆزىگە يېزىلغانلىقى ئۈچۈن تۇتۇلمايدۇ.

ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ قەدىرىمىز (تەقدىرىمىز) نى يېزىشىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش. ئاللاھ بىزنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىمىزنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن قەدەرىمىزنى يازغان.

**ھېكايە:**

# ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ جاۋابى

ھەزرىتى ئۆمەر ئىسلام قوشۇنىنى تەپتىش قىلىش ئۈچۈن شامغا كېتىۋاتاتتى. يولدا بىر يېزىغا يېقىنلاشقاندا، بۇ يېزىدا ۋابا كېسىلى تارقالغانلىقىنى ئاڭلىدى. ھەزرىتى ئۆمەر يېزىغا كىرىشنى خالىمىدى. قوشۇنىنىڭ قوماندانى بۇنى كۆرۈپ:



ـ ئى ئۆمەر! ئاللاھنىڭ تەقدىرىدىن قېچىۋاتامسەن؟ دېدى.

ھەزرىتى ئۆمەر:

ـ ھەئە، ئاللاھنىڭ تەقدىرىدىن يەنە ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە قاچىمىز. ئېيتايلۇق، سېنىڭ بىر توپ تۆگەڭ بولسا، بۇ تۆگىلەر (بىر جىلغىدا بولسا، بۇ جىلغىنىڭ بىر تەرىپى ئوتلاق، يەنە بىر تەرىپى قاقاسلىق بولسا، سەن قانداق ئويلايسەن؟ تۆگىلىرىڭنى ئوتلاق يەردە

www.munber.org

ئۇتالاتساڭ، قاقاس يەردە ھەيدەپ ماڭساڭ، ئاللاھنىڭ تەقدىرى بويىچە ئۇتالاتقان بولمامسەن؟ دېدى.

ھەزرىتى ئۆمەر بۇ ئارقىلىق ئىنساننىڭ ئۆزى تەقدىرنى بىلمەيدىغانلىقنى، بۇنىڭ ئۈچۈن خىيىم - خەتەردىن قېچىشى لازىملىقىنى سۆزلىگەن ئىدى. شۇنداق، ئىسلامدا كىشىنىڭ بىلىپ تۇرۇپ ئۆزىنى خەتەرگە ئېتىشى قاتتىق مەنئى قىلىنغان.

## "مېنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىم، نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىمنى ئاللاھ بىلىدۇ. شۇڭا ئەسكىلىكلەردە مېنىڭ گۇناھىم يوق" دېيىشكە بولامدۇ؟

ياق! بۇنداق دېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلۇغ ئاللاھ ئىنسانغا ئەركىن ئىرادە بەرگەن، بۇنى جۇزئى (قىسمەن) ئىرادە دەپ ئاتايمىز. ئاللاھ ئىنساننى نېمىنى قىلىش، نېمىنى قىلماسلىقى توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرغان، شۇڭا بارلىق ئىنسانلار ئەركىن ئىرادىسى (ئىختىيارى) بويىچە قىلغان ھەر قانداق ئىشىغا ئۆزى مەسئۇل بولىدۇ. ۋە مەسئۇلىيەت سۈرۈشتە قىلىنىدۇ.

## ئىنسان ئىرادىسىنىڭ تېشىدا بولىدىغان ئىشلار بارمۇ؟

ھەئە، بار. دۇنياغا كېلىشىمىز، كىمنىڭ بالىسى بولۇشىمىز، قاچان ئۆلىدىغانلىقىمىزنى، ئەر ياكى ئايال بولۇشىمىز قاتارلىقلار، بۇلارغا بىزنىڭ ئىرادىمىز (ئىختىيارىمىز) تەسىر قىلالمايدۇ. بۇلارغا بىز مەسئۇل ئەمەس.

## ئىنسان ئىرادىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشلارغا مىسال بەرسىڭىز

ئاللاھ تائالا بىزنى ئىرادىمىز بىلەن خالىغاننى قىلىشتا ئەركىن قويۇپ بەرگەن، ئەگەر ئەركىن قويۇپ بەرمىسە، ھەممە ئىش پەقەت ئاللاھقىلا ئائىت بولسا ئىدى. ئۇنداقتا خاتانى نېمىشقا جازالاپ، توغرىنى نېمىشقا مۇكاپاتلايدۇ؟ مۇكاپات ۋە جازا بىز مەسئۇل بولغان ئىشلارغا بېرىلىدۇ. مەسىلەن: بىر شوپۇر ماشىنىنىڭ موتۇرىدىن كەلگەن كۈچ بىلەن ئاپتۇمۇبىلنى ئوڭغا ياكى سولغا بورىيالايدۇ، تۈز ۋە توغرا ھەيدىيەلەيدۇ، خالىسا تورمۇزغا دەسسەپ، ئۇنى توختىتالايدۇ. بىر ماشىنا ۋەقەسى چىقارسا "ئاپتۇمۇبىلنىڭ موتۇرىدىن نېمىشقا كۈچ كەلدى؟" دەپ سورالمايدۇ. لېكىن نېمىشقا تېز ھەيدىدىڭ؟ نېمىشقا سول تەرەپتە ماڭدىڭ؟ نېمىشقا قىزىل چىراق ياندىغاندا توختىمىدىڭ؟... دەپ سورىلىدۇ.

www.munber.org

## ئاللاھ بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى قىلىدىغانلىقىڭىزنى بىلىدىكەن، نېمىشقا يامانلىقلىرىمىزغا رۇخسەت قىلدى؟

بىز ئىنسانلار پەرىشتە ئەمەس، بىزگە ياخشىلىقنىمۇ، يامانلىقنىمۇ قىلالايدىغان بىر قابىلىيەت بېرىلگەن. ئىككى تاللاش يولى بەرگەن، يولنىڭ بىرىدە پەرىشتىلەردىنمۇ ئۈستۈن بولالايدىغانلىقىمىزنى، يەنە بىرىدە ھايۋانلاردىنمۇ بەك پەس ئورۇنغا چۈشۈپ قالالايدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرگەن. ئاندىن ئىنسانغا ئەقىل ۋە ئىرادە بېرىپ ئەركىن قويۇۋەتكەن."سىز ئىمتىھاندا، ياخشىلىقلىرىڭىز بىلەن ئەسكىلىرىڭىزنى ئايرىيمەن" دېگەن. ھازىر بىز ئىمتىھاندا تۇرىۋاتىمىز. ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەمدىمىز ياكى ئۆتەلمەمدىمىز؟ بۇ بىزنىڭ قىلغان ئىشىمىزغا باغلىق.

ئاللاھ بىزنىڭ ئىرادىمىز بويىچە قايسى يولدا ماڭىدىغانلىقىمىزنى بىلەتتى، نېمىشقا ئىككى پەرىشتە قىلغان ياخشى - يامان ئىشلىرىمىزنى ھەممىشە يازىدۇ؟

ئاللاھ ھېچقانداق نەرسىنى بىكارغا ياراتمىغان، قىيامەت كۈنى ئىنسانلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى ئىنكار قىلالماسلىقى ئۈچۈن، پەرىشتىلەر ھەركىشىنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى يېزىپ تۇرىدۇ.

## ئاللاھ خالىسا ھەممە ئادەم مۇسۇلمان بولارمىدى؟

ئەلۋەتتە، ئاللاھ خالىسا ھەر ئىنسان مۇسۇلمان بولغان بولاتتى. ئەمما ئاللاھ بۇنداق قىلمىغان، ئىككى يول ياراتقان، بىزگە توغرا يولنى كۆرستىش ئۈچۈن كىتابلار، پەيغەمبەرلەر ئەۋەتكەن، توغرا يول ياكى خاتا يولنى تاللاش جەھەتتە ئىختىيارىمىزغا قويۇپ بەرگەن. خالىغان كىشى توغرا يولدا، خالىغان كىشى باتىل (خاتا) يولدا ئۆمرىنى تۈگىتىدۇ. ئەمما بۇنىڭ ھېسابىنى قىيامەت كۈنى چوقۇم بېرىدۇ.

## رىزىق ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە باغلىقمۇ ياكى ئىنساننىڭ ئىشلىشىگە باغلىقمۇ؟

رىزىق - ئىنساننىڭ ئىشلىشى ۋە ئاللاھنىڭ لۇتفى (ئىلتىپاتى) غا باغلىق. پەقەت ئىشلەشكىلا باغلىق بولسا ئىدى، بۈگۈن ئاز ئىشلەپ، كۆپ نەپ ئالغانلار بولمىغان بولاتتى. پەقەت ئەقىللىق بولۇشقىلا باغلىق بولسا ئىدى، نامراتلارنىڭ ھەممىسى دۆت بولۇشى كېرەك دېگەن گەپ چىقىپ قالاتتى ۋە بۇنداق بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. پەقەت ئەخلاقلىق بولۇشقىلا باغلىق بولسا ئىدى، ئىنسانلار ئىچىدىكى ئەخلاقسىزلار باي بولماسلىقى كېرەك ئىدى. پەقەت مۇسۇلمان بولۇشقىلا باغلىق بولسا ئىدى. كاپىرلار نامرات بولۇشى كېرەك ئىدى. دۇنيادىكى ئىنسانلارغا نەزەر سالىدىغان بولساق، بۇنداق ئەمەسلىكىنى كۆرىمىز. ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىش ۋە تار قىلىش ئارقىلىق سىنايدۇ. خالىغان كىشىنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ. خالىغان كىشىنىڭ رىزقىنى تار قىلىدۇ. ئىشلەش، رىزىق تېپىش ئاساس، ئەمما يالغۇز مۇشۇلار كۇپايە قىلمايدۇ. لېكىن ئاللاھنىڭ "ئىشلىگەنگە بېرىمەن" دېگەن سۆزىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك.

ھېكايە:

www.munber.org

# بىر لوقما ئاش، بىر يەكتەككە شۈكۈر قىلىش



بىر كۈنى ھەزرىتى ئۆمەر مەسچىتكە كىرگەندە سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرغان بىر توپ كىشىنى كۆردى. يېنىغا بېرىپ:

- سىلەر كىم؟ بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسىلەر؟ دەپ سورىدى. ئۇلار:

- بىز مۇتەۋەككىل (ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغان) ئىنسانلارمىز. ئىش قىلمايمىز. ئاللاھ ھەر جانلىقنىڭ رىزىقىنى (يەيدىغىنىنى) ياراتقان. بىز ۋاقتىمىزنى ئىبادەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزىمىز، دېدى. بۇنى ئاڭلاپ ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كېلىپ:

- سىلەر مۇتەۋەككىل ئەمەس، مۇتەئەككىل (تەييارنى يەيدىغان، باشقىلارنىڭ تەرىدە جان باقىدىغان، تەييارتاپ) كىشىلەر ئىكەنسىلەر. مۇتەۋەككىل - يەرگە ئۇرۇق سېلىپ كۆمگەندىن كېيىن، كائىناتنىڭ رىزقىنى بەرگۈچى ئاللاھنىڭ لۇتفىدىن نېمەت تاما قىلغان ۋە ئاللاھقا ئىشىنىپ تەۋەككۇل قىلغان كىشىدۇر، دەپ ئۇلارنى مەسجىدتىن قوغلىۋەتتى.

دىندىكى تەۋەككۇل:

مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن لازىم بولغان ماددىي ۋە مەنىۋي چارە ـ ئامال. سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسىنى تەل قىلغاندىن كېيىن، باشقا قىلىدىغان ئىش قالمىغان چاغدا ئاللاھقا ئىشەنچ قىلىپ، كېيىنكى ئىشلارنى ئاللاھقا قويۇش دېگەنلىكتۇر. مەسىلەن: دېھقان يەرنى ئوبدان ئاغدۇرۇپ، ئۇرۇقنى چېچىپ ۋە سۇغىرىپ بولغاندىن كېيىن، ياخشى ھوسۇل بەرگىن، دەپ ئاللاھ تائالادىن تىلىشى كېرەك دېگەنلىك. ئىنسان قىلالايدىغان ئىشنى قىلماي تۇرۇپ: تەقدىرىم قانداق يېزىلغان بولسا، شۇنداق بولىدۇ دەپ تەۋەككۇل قىلسا بولمايدۇ. سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيدىغان بىر ئادەم ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلدىم دەپ ئۆزىنى دېڭىزغا ئاتسا بۇ ھېچقاچان تەۋەككۇل ھېسابلانمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىتا ئون كىشىگە جەننەتكە كىرىدىغانلىقىدىن ئالدىن خوشخەۋەر بەرگەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق بۇ ئون كىشى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى، دىنىي ئىبادىتىنى يەنىلا ئەڭ ياخشى شەكىلدە داۋاملىق قىلغان.

رىزىق مەسىلىسى:

ھەر جانلىقنىڭ ياشىشى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان رىزىقنى تەقدىر قىلغۇچى ئاللاھ تائالادۇر. ئەمما رىزىقنى ئىزدەپ تېپىش ئىنسانغا ئائىتتۇر. ئىنسان ئۆزىگە كېلىدىغان بۇ رىزىقنىڭ ھالال ياكى ھارام تەرەپتىن كېلىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.


ئەجەل مەسىلىسى:

www.munber.org

ئەجەل ـ ئىنسانىنىڭ ھايات مۇددىتى ئۈچۈن تەيىنلەنگەن ۋاقىتتۇر. ھېچكىم قاچان ئۆلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئەجەل كەلگەندە قېرى ياكى ياش، كېسەل ياكى ساق بولۇشىدىن قەتئىنەزەر، ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن ئۆلىدۇ. ﴿ئۇلارنىڭ ئەجەلى كەلگەندە بىر سائەت ئىلگىرى ـ كېيىن بولمايدۇ﴾ دېگەن ئايەت ئەجەلنىڭ ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

**ھېكايە:**

## رىزقىم كەلسۇن دەپ ساقلىغان ئادەم



بىر كۈنى بىر ئادەم كېچىنى دالىدا يالغۇز ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بوپتۇ. ئەمما يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن قورقانلىقى ئۈچۈن، ئېگىز بىر دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىۋاپتۇ. دەرەختە تۇرۇپ پەسكە قارىسا، دەرەخنىڭ تۈۋىدە بىر مېيىپ تۈلكە ياتقۇدەك، بۇ ئادەم كۆڭلىدە: بۇ تۈلكە نېمە يەپ، نېمە ئىچىدىغاندۇ؟ دەپ ئويلاپتۇ.

بىر دەمدىن كېيىن قارىسا، يىراقتىن بىر يولۋاس كېلىۋاتقۇدەك، يولۋاسنىڭ ئاغزىدا بىر كېيىك بار ئىكەن. يولۋاس دەرەخنىڭ تۈۋىگە كېلىپ، كېيىنكى پارچىلاپ يەپتۇ. تويغىچە يەپ بولغاندىن كېيىن كېتىپتۇ، ئاندىن تۈلكە سۈرۈلۈپ، كېيىكنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئاشقان ـ تاشقاننى يەپ قورسىقىنى تويغۇزۇپتۇ. دەرەخنىڭ ئۈستىدىكى ئادەم:



ـ پاھ! مېيىپ بىر تۈلكىنىڭ يەيدىغىنىنى ئاللاھ ئالدىغا ئەۋەتىپ بېرىدىكەن، ئۇنى ئاچ قويمايدىكەن، شۇنداق ئىكەن، مەن نېمىشقا بۇنچە ئىشلەپ ھېرىپ يۈرەرمەن؟ ياخشىسى بۇندىن كېيىن مەنمۇ بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ ساقلاپ باقاي، دەپ ئويلاپ يول ئۈستىدىكى بىر غارغا كىرىپ ئولتۇرۇپتۇ. بىر كۈن، ئىككى كۈن، ئۈچ كۈن ساقلاپتۇ. ھېچكىم كەلمەپتۇ. ئاچلىقتىن يىقىلىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. چۈشىدە:

ـ ئەي ئەخمەق ئادەم! نېمىگە ياتىسەن؟ تۇر ئورنۇڭدىن! تىنىڭ ساغلام، پۇت ـ قولۇڭدا ماغدۇر بار تۇرۇپ، نېمىشقا ھورۇن، بىچارە بولىۋالىسەن؟ نېمىشقا ئۆزەڭنى مېيىپ تۈلكە بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا قويىسەن؟ قوپ! يولۋاستەك بول! سەن ئوۋلىغان ئوۋنىڭ ئاشقىنىنى بىلەن باشقىلار جان باقسۇن، دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاپتۇ.

## ئىشلەش ئىبادەتمۇ؟

ھەركۈنلۈك ئىبادەتلىرىنى قىلغانلارنىڭ ئىشلىشىمۇ ئىبادەتتۇر.

تەقدىر (قەدەر ۋە قازا) نى باھانە قىلىپ ھورۇنلۇق قىلىش توغرىمۇ؟

www.munber.org

ئاللاھ كەلگۈسىدە بولىدىغان ھەرقانداق ئىشنى بىلىدۇ. بىزنىڭ قاچان تۇغۇلىشىمىز، ئۆز ئىختىيارىمىز بىلەن نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىمىز ۋە قاچان ئۆلىدىغانلىقىمىزنى بىلىدۇ. بۇ تۈپەيلى ئىنسان مەن نېمە ئىش قىلسام قىلاي، تەقدىرىم ئۆزگەرمەيدىكەن، پىشانەمگە نېمە يېزىلغان بولسا شۇنى كۆرىدىكەنمەن، دەپ تەقدىرنى باھانە قىلىپ، ئىشلەشتىن قول ئۈزسە توغرا بولمايدۇ.

## ئاللاھ ئىشلىگەنلەرنى ياخشى كۆرىدۇ

بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يولدا كېتىۋېتىپ، بىكار ئولتۇرغان بىر كىشىنى كۆردى. ئۇنىڭغا سالام قىلماي ئۆتۈپ كەتتى. قايتىشىدا يەنە ئۇ يولدىن ئۆتكەندە ھېلىقى ئادەم تېخىچە ئۇ يەردە ئولتۇراتتى. بۇ قېتىم سالام بەردى. ئادەم ھەيران قالدى، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ پەيغەمبىرىمىزدىن سورىدى:

ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىر ئاز ئىلگىرى سەن كېتىۋاتقاندا مەن مۇشۇ يەردە ئولتۇراتتىم، ئەمما ماڭا سالام قىلمىغان ئىدىڭ، ئەمدى سالام قىلىشىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟


پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

- «مەن كېتىۋاتقاندا سەن بىكار ئولتۇراتتىڭ، ھېچ بىر ئىش قىلمايۋاتاتتىڭ، قايتىشىمدا قارىسام قولۇڭدا ئوت - چۆپ بار، يەرگە بىر نەرسىلەر سىزىۋېتىپسەن، ئېنىقكى، بىر نەرسە ئويلاۋېتىپسەن، ئويلىنىش، تەپەككۇر قىلىشمۇ ئىشلىگەنلىكتۇر، شۇڭا سالام قىلدىم».

**ھېكايە:**

## ھەقىقىي ئىبادەت

بىر كۈنى ھەزرىتى ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسچىتىگە كىرگەندە بۇ يەردە بىر كىشىنىڭ ئۆزىنى ئىبادەتكە ئاتاپ ئېتىكاپتا ئولتۇرغانلىقى (نەچچە كۈندىن بېرى ئىبادەت ئۈچۈن مەسجىدتە يېتىپ قوپقانلىقى) نى كۆردى. بۇ رامىزان ئېيىدا قىلىنىدىغان ئېتىكاپ ئىبادىتىدىمۇ ئەمەس ئىدى. پەقەت ئۇ كىشىنىڭ ئۆزى داۋاملىق ئىبادەتكە ئاتىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ھەزرىتى ئۆمەر ئۇنىڭ بۇ ھالىنى ياقتۇرمىدى ۋە سورىدى:



- يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك ئېھتىياجىڭنى كىم بېرىدۇ؟

- ئۇكام...

- سەن نېمە ئىش قىلىسەن؟

- ھەمىشە ئىبادەت قىلىمەن.

www.munber.org

دېمەك، ئۇكاڭ ئىشلەيدۇ، سەن يەيسەن، شۇنداقمۇ؟

- شۇنداق...

- ئۇنداقتا، ئۇكاڭ ساڭا قارىغاندا تېخىمۇ ئابىد (يەنى سەندىن كۆپ ئىبادەت قىلىدىغان كىشى) ئىكەن، دېدى ھەزرىتى ئۆمەر.

## تەقدىرگە ئىشىنىش ھاياتىمىزغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ؟

ئىنسان پەقەت بەدەندىنلا ئىبارەت ئەمەس، ئۇنىڭ مەنىۋىي دۇنياسىمۇ ئىنتايىن مۇھىم. تەقدىرگە ئىشىنىش روھنى راھەتلىنىدۇ.

ئۆتمۈش زاماندا بولغان ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى. ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس، ئاھ - تارتىپ ئۆھسىنىشنىڭ ئورنىغا تەقدىرگە رازى بولۇپ، ساۋاق ئېلىشىمىز، پىشكەللىكلەر تۇپەيلى ئۈمىدسىز ۋە چۈشكۈن ھالغا كېلىپ قالماسلىقىمىز لازىم.

ئەگەر ياخشى ئىش قىلغان بولساق، بۇنىڭدىن مەغرۇرلىنىپ كەتمەسلىكىمىز، ئاللاھقا شۈكۈر قىلىشىمىز لازىم. ياخشى ئىش قىلالىشىمىز ئۈچۈن شەرت - شارائىت ھازىرلاپ بەرگۈچى ۋە ياراتقۇچى ئاللاھ تائالادۇر.

ھازىر قىلالىغان ئىشىمىزنى ئېنىق قارار قىلىشىمىز، ھاياتىمىزنى شۇ قارارىمىزنىڭ يۆلىنىشىگە بۇيرۇشىمىز لازىم. توغرا قىلغان بولساق، داۋاملاشتۇرۇشىمىز، خاتا قىلغان بولساق تۈزىتىشىمىز لازىم.

كەلگۈسى، كەلگۈسىنى بىزنىڭ ئىرادىمىز يۆلىنىشكە باشلايدۇ.

ئەسكىلىكنى قىلغان بىز، ئاللاھ ئەمەس، گۇناھلارنى ئۆزىمىز خالاپ قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىز جاۋابكار، ئۇنى ئاللاھ تائالادىن كۆرۈشكە بولمايدۇ.

بېشىمىزغا كەلگەن قىيىنچىلىقلار بىزنى ئۈمىدسىز قىلمىسۇن، قولىمىزدىن كېلىدىغان، بىز قىلالايدىغان ئىشلارنى ئىمكان قەدەر ياخشى قىلىشىمىز كېرەك. مۇتلەق ھالدا بىر چىقىش يولى ھەمىشە باردۇر.

## "ئىشلەش ئىبادەتتۇر" دەپ باشقا ئىبادەتلەردىن ۋاز كېچىش توغرىمۇ؟

ئۇلۇغ ئاللاھقۇرئان كەرىمدە: ﴿ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ. ئۇنىڭ قىلغان ئىشى كۆرۈلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا تولۇق مۇكاپات (ياكى) تولۇق جازا بېرىلىدۇ﴾ [سۈرە نەجم **39 - 41** - ئايەتلەر].

بۇ ئايەتلەردە ئىنساننىڭ ئىشلىسە غەلىبە قىلالايدىغانلىقىنى ۋە ئىشلىگىنىنىڭ ھەققىنى جەزمەن ئالىدىغانلىقى تەكىتلەنگەن.

پەقەت ياخشى، توغرا ۋە ھالال ئىشلارنى قىلغاندا، بۇ ئىش ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ. ئەمما "رىزىق تېپىش ئۈچۈن ئىشلەۋاتىمەن" دەپ قىمار ئويناتقان، ھاراق ئىچكۈزگەن، خىرويىن ساتقان كىشىلەرنىڭ ئىشلىرى ئىبادەت ھېسابلانمايدۇ. قىلغان بۇ ئىشلىرى گۇناھ توپلايدىغان ئىشلاردۇر.

www.munber.org

كۆندىلىك ئىبادەتلىرىنى قىلغان كىشىلەرنىڭ ھالال رىزىق تېپىش ئۈچۈن قىلغان ئەمگەكلىرى ئىبادەتتۇر. ئاللاھ ئىشلىگەننى ياخشى كۆرىدۇ.

ئىشلەشنى بىر ئىبادەت دەپ قارىغان مۇسۇلمانلار بىلىمدە، پەن ـ تېخنىكىدا، سەنئەت ۋە مەدەنىيەتتە زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن، بۇلار: دىنىي ئىلىملەردە، ئىمام ئەزەم ئەبۇھەنىيفە، ئىمام بۇخارى، ئىمام غەزالى، تەبىئىي پەن ساھەسىدە: ئىبنى سىنا، خارەزمى، ئۇلۇغبەگ، ئەلى قۇشچۇ. گۈزەل ـ سەنئەت ساھەسىدە: مىمار سىنان، ھافىز ئوسمان قاتارلىق بىلىم ئىگىلىرىدۇر.

**ھېكايە:**

## قاداقلىق قوپال قوللار

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدىن كېيىن ساھابىلەر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشەتتى. بىر كۈنى قاتتىق ئىشلىگەنلىكتىن قوللىرى قېتىپ كەتكەن بىر ئىشچىمۇ ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. لېكىن قاداقلىق قاتتىق قوللىرى بىلەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ قوللىرىنى ئاغرىتىپ قويغاچقا، كەچۈرۈم سورىدى. ئاللاھنىڭ ئەلچىسى سۆيگۈ ۋە شەپقەت بىلەن بۇ ساھابىسىنىڭ چىرايىغا قارىدى. تەكرار ئۇنىڭ قوللىرىنى ئالقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ:

- بۇ قوللارنى ھەم الله، ھەم پەيغەمبەر ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ. ئىشچان قوللار سۆيگۈگە لايىق، ئاللاھ بۇ قوللارنى جەھەننەمدە كۆيدۈرمەيدۇ، دېدى.



## ياخشىلىق ۋە يامانلىق (خەير ۋە شەر)

ياخشىلىق (خەير) دېگەن نېمە؟

نەتىجە جەھەتتىن ئىنسانغا پايدىلىق بولغان نەرسىدۇر.



www.munber.org

يامانلىق (شەر) دېگەن نېمە؟ ئىنسانغا زىيانلىق بولغان نەرسىدۇر. ئاللاھ تائالادىن باشقا ياراتقۇچى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى ياراتقان ئاللاھ تائالادۇر. قۇرئان كەرىمدە: ﴿ئاللاھ ھەممىنى ياراتقۇچىدۇر﴾ دېيىلگەن. دىنىمىزدا ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇلۇپ، يامان ئىشلار مەنئى قىلىنغان ياماnلىق (شەر) نى يارىتىش ياماnلىق ئەمەسمۇ؟ مەسىلەن: شەيتان ئىنسانلارنى ھەمىشە توغرا يولدىن ئازدۇرىدۇ. جەھەننەمگە كىرىشكە سەۋەبچى بولىدۇ.

شۇڭا شەيتاننىڭ يارىتىلىشىمۇ ياماnلىق (شەر) بولماسمۇ؟

ياماnلىق (شەر) نى يارىتىش ياماnلىق ئەمەس، ياماnلىقنى قىلىش ياماnلىقتۇر. مەسىلەن ئوتنى ئالايلى، ئوتنىڭ قانچىلىك پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ھەممىمىز بىلىمىز. ئوت بىلەن يەيدىغانلىرىمىزنى پىشۇرىمىز. ئۆيىمىزنى ئىسسىتىمىز، ئەمما بۇ سادىق خىزمەتكار (يەنى ئوت) ئۇنىڭغا قولىمىزنى تەككۈزسەك كۆيدۈرىدۇ. شۇڭا ئورنىمىزدىن تۇرۇپلا ئوت قولۇمنى كۆيدۈردى ياكى ئۆي ۋاخلىرىمنى كۆلگە ئايلاندۇردى دەپلا ”ئوتنىڭ يارىتىلىشى ياماnلىق (شەر) دۇر“ دېسەك بولامدۇ؟ ياق. چۈنكى ئوتنى زىيانلىق تەرەپكە ئىشلەتكەن ئۆزىمىز.

شەيتاننىڭ يارىتىلىشىمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ يارىتىلىشىدا ياماnلىق يوق. شەيتان ھېچكىمنى مەجبۇرى يامان يولغا باشلىمايدۇ. ئىنسان ئۆزى خالاپ ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭىدۇ. شەيتاننىڭ يارىتىلىشى ياماnلىق ئەمەس، بەلكى شەيتاننىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ مېڭىش ياماnلىقتۇر.

## شەيتان نېمە ئۈچۈن يارىتىلغان؟ يارىتىلىشىدىكى ھېكمەت نېمە؟

دۇنيادا ياخشى ۋە يامان ئىنسانلار قارمۇ ـ قارشى تۇرۇدۇ. ئۆزئارا بىللە ياشايدۇ. نەمرۇدلار بىلەن ئىبراھىملەر، پىرئەۋنلەر بىلەن مۇسالار، ئەبۇجەھىللەر بىلەن ئەبۇ بەكرىلەر بىر يەردە ياشايدۇ. بۇلارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىش، ئىلغاش كېرەك. ئەمما قانداق تاللاش كېرەك؟ بۇنىڭ ئۈچۈن شەيتان لازىم. رەببىمىز ياخشى ئىنسانلار بىلەن ئەسكى ئىنسانلارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىش ئۈچۈن شەيتاننى ياراتقان. شەيتاننىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كەتكەنلەر ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەيدۇ. شەيتاننىڭ ئەسكىلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭدىن يىراق تۇرغانلار ئىمتىھاندىن ئۆتىدۇ.

## ياماnلىق (شەر) نىڭ يارىتىلىشىدىكى ھېكمەت نېمە؟

ئا) بىزگە ئەسكى، ناچار كۆرۈنگەن نەرسىلەرنىڭ يارىتىلىشىدا ئاللاھنىڭ بىز بىلمەيدىغان بىر ھېكمىتى بار. بەزى ئىنسانلارغا نىسبەتەن زىيانلىق ۋە ناچار بولغان نەرسە ـ باشقىلارغا پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن.

ب) ياماnلىق ـ ياخشىلىقنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى بىلىشكە ياردەم قىلىدۇ. كېسەل بولمىغۇچە ساغلاملىقنىڭ قىممىتى بىلىنمەيدۇ.

**بىر ياخشىلىق (خەير) ۋە ياماnلىق (شەر) گە نىسبەتەن قانداق مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك؟**

بىر ياخشىلىق كەلگەن ھامان شۈكۈر قىلىشىمىز لازىم. ياماnلىق كەلگەندە سەۋر قىلىشىمىز، ئاللاھتىن ئاغرىنماسلىقىمىز ۋە ياماnلىق (شەر) دىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز لازىم.

www.munber.org

# ئاللاھ ياخشىلىقنى ياراتتى، ئەسكىلىك (يامانلىق) نى نېمشقا ياراتتى؟

ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى، يەنى خەير ۋە شەرنى ياراتقۇچى ئاللاھ تائالادۇر. بىز ئىرادىمىز، ئىختىيارىمىز بىلەن ياخشى ياكى يامانلىق تەرەپكە قاراپ ماڭىمىز. لېكىن ئاللاھ ياخشىلىقتىن رازى بولىدۇ، يامانلىقتىن رازى بولمايدۇ. كېسەللىك، قىيىنچىلىق ۋە جاپا - مۇشەققەتلەر ئىنسانىنى سىناش ئۈچۈندۇر. بۇلارغا سەۋر قىلسا، قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتسە مۇكاپاتى كۆپىيىدۇ، دەرىجىسى يۈكسىلىدۇ.

**مېنى ياراتقان، تۈرلۈك نېمەتلەرنى بەرگەن ۋە مۇسۇلمانلاردىن قىلغان ئاللاھ تائالاغا چەكسىز ھەمدۇسانالار بولسۇن!**

# پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ باللار ئۈچۈن قىرىق ھەدىسى

1 - تەبەرانى ۋە ئىبنى نەججار ئەلى (ئاللاھ ئۇنىڭ يۈزىنى نۇرلۇق قىلسۇن!) دىن رىۋايەت قىلىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «پەرزەنتىڭلارنى پەيغەمبەرلەرنى سۆيۈش، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى سۆيۈش ۋە قۇرئان تىلاۋەت قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ خىسلەت ئۈستىگە ئەدەبلەڭلار! شۈبھىسىزكى ئاللاھنىڭ سايىسىدىن باشقا سايە يوق كۈندە ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرى ۋە تاللىغان يېقىن بەندىلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئەرشى ئاستىدا سايىدايدۇ» دېگەن.

2 - ئىمام ئەھمەد، بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەنەس (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) دىن رىۋايەت قىلىدۇكى بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامدىن: قىيامەت قاچان بولىدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇنىڭدىن: «سەن قىيامەت ئۈچۈن نېمىلەرنى تەييارلىدىڭ؟» دەپ سورىدى، ئۇ ئادەم: ھېچنېمە، لېكىن مەن ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ياخشى كۆرىمەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «سەن ياخشى كۆرگىنىڭ بىلەن بىللە» دېدى.

3 - ئىمام بۇخارى ئىبنى ئاببas (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) دىن رىۋايەت قىلىدۇكى ئۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ھاجىتىنى راۋا قىلىش ئۈچۈن ھاجەتخانىغا كىردى، مەن ئۇنىڭغا تاھارەت سۈيىنى تەييارلاپ بەردىم، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «بۇنى كىم قويدى؟» دېدى. ئۇنىڭغا مېنىڭ قويغانلىقىم خەۋەر قىلىنغاندا: «ئى ئاللاھ ئۇنى دىنىڭدا ئالىم قىل!» دېدى.

4 - تىرمىزى رەبىئە ئىبنى شەيباندىن رىۋايەت قىلىدۇكى ئۇ مۇنداق دېگەن: مەن ھەسەن ئىبنى ئەلى (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) دىن: سەن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامدىن نېمىنى يادا قىلدىڭ؟ دېدىم، ئۇ: مەن ئۇنىڭدىن: «سېنى شەكلەندۈرگەننى قويۇپ، سېنى شەكلەندۈرمىگەننى قوبۇل قىل! راستچىللىق خاتىرجەملىكتۇر، يالغان بولسا شەكتۇر» دېگەننى ياد قىلىۋالغان ئىدىم، دېدى.

5 - ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە سەمرە ئىبنى جۇندۇب (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ زامانىسىدا بىر كىچىك بالا بولۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامدىن ھەدىسلەرنى يادا ئالاتتىم، مېنىڭ سۆز قىلىشىمدىن يېشى مەندىن چوڭ بولغان كىشىلەردىن باشقىلىرى توسۇيالمايتتى.

6 - ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى، نەسائى ۋە ئەبۇ داۋۇد بۇخارىنىڭ لەۋزى بىلەن قىلغان رىۋايىتىدە ئەنەس (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بىلەن بىرگە كىيىم تىكىدىغان بىر بالىنىڭ قېشىغا كىردىم، ئۇ بالا ئۇنىڭغا تاۋىدا گۆش سۈيى بىلەن نەملىنىپ قىزارتىلغان سەي كاۋىسىنى ئېلىپ كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام تاماقتىكى سەي كاۋىلىرىنى مانتىلاپ ئىزلەشكە باشلىدى، مەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئالدىغا قويۇشقا باشلىدىم، شۇنىڭدىن كېيىن مەن سەي كاۋىسىدىن قىلىنغان تاماقنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ قالدىم.

www.munber.org

7 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئاbbas رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كۈنى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلىغىغا مىنگىشىۋالغان ئىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى! ئوغۇل! مەن ساڭا بىر نەچچە سۆزنى ئۆگىتىپ قوياي: ئاللاھنى ياد ئېتىپ تۇرغىن، ئاللاھمۇ سېنى ياد ئېتىدۇ. ئاللاھنى ياد ئەتكىن، ئاللاھنى ئالدىڭدىلا تاپىسەن. قاچانكى بىر نەرسە سورىماقچى بولساڭ ئاللاھتىنلا سورىغىن ۋە قاچانكى ياردەم سورىساڭ ئاللاھتىنلا سورىغىن. بىلگىنكى ئەگەر پۈتۈن كىشىلەر ساڭا بىرەر نەرسە بىلەن پايدا يەتكۈزۈشكە يىغىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ ساڭا پۈتۈۋەتكەن نەرسىسىدىن باشقىنى يەتكۈزەلمەيدۇ. ئەگەر ئۇلار ساڭا بىرەر نەرسە بىلەن زىيان يەتكۈزۈشكە يىغىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ ساڭا پۈتۈۋەتكەن نەرسىسىدىن باشقا زىياننى يەتكۈزەلمەيدۇ. قەلەملەر كۆتۈرۈلدى، بەتلەر قۇرىدى» دېدى. (تىرمىزى رىۋايىتى)

تىرمىزىدىن قىلىنغان باشقا بىر رىۋايەتتە: يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئاللاھنى ياد ئەتكىن، ئاللاھنى ئالدىڭدىلا تاپىسەن. باياشات ۋاقىتلاردا ئاللاھنى تونۇغىن، ئاللاھ تائالامۇ سېنى قاتتىقچىلىق ۋاقىتلاردا تونۇيدۇ. بىلگىنكى، ساڭا تېگىشلىك بولمىغان مۇسىبەت ساڭا يەتمەيدۇ ۋە ساڭا تېگىشلىك بولغان مۇسىبەت ساڭا يەتمەي قالمايدۇ. بىلگىنكى، غەلىبە ھەققەتەن سەۋر قىلىش ئارقىلىق كېلىدۇ، ھەر بىر قىيىنچىلىقتىن كېيىن چىقىش يولى بولىدۇ. ھەر بىر مۇشكۈللۈك بىلەن بىر ئاسانلىق بار» دېيىلگەن.

9 ـ تەبەرانى ئەبۇ ئۇمامە (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) دىن رىۋايەت قىلىدۇكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھېچكىم تاكى ئۆلگىچە ئىبادەت ئۈستىدە ياشىمايدۇ، ناۋادا ياشىسا ئاللاھ ئۇنىڭغا 99 سىددىقنىڭ ئەجرىنى بېرىدۇ» دېگەن.

10 ـ ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە نەسائى قاتارلىقلار ھەسەن ئىبنى ئەلى ئىبنى ئەبى تالىپ (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا ۋىتىردا ”ئى ئاللاھ! مېنى سەن ھىدايەت قىلغان كىشىلەر قاتارىدا ھىدايەتكە باشلا! ئەپۇ قىلغان كىشىلىرىڭ قاتارىدا ئەپۇ قىل! سەن ئۆزەڭ ئىگە بولغان كىشىلىرىڭنىڭ قاتارىدا ماڭا ئىگە بول! ماڭا ئاتا قىلغان نەرسەڭدە بەرىكەت بەر! تەقدىر قىلغان نەرسىنىڭ شەرىدىن مېنى ساقلا! ھەققەتەن سەن ھەقنى تەقدىر قىلغۇچىسەن، ساڭا تەقدىر قىلىنمايدۇ، شۈبھىسىزكى سەن ئىگە بولغان كىشى خار بولمايدۇ، رەببىمىز! سەن مۇبارەكتۇرسەن! ئۈستۈندۇرسەن!» دېگەنلەرنى دېيىشنى ئۆگەتكەنىدى.

11 ـ تىرمىزى ئەنەس (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) دىن رىۋايەت قىلىدۇكى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئوغلۇم! نامازدا ھەرگىز باشقا ياققا قارىما، نامازدا قاراش خاتادۇر، قارىمايدىغان ئىش بولۇپ قالسا نەفلە نامازدا قارىغىن، پەرز نامازدا قارىمىغىن!» دېگەن.

12 ـ ئەبۇ داۋۇد ۋە ھاكىم ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئاس (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) دىن رىۋايەت قىلىدۇكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «باللىرىڭلارنى يەتتە ياشتا نامازغا بۇيرۇڭلار، ئون ياشقا كىرگىچىلىكمۇ ناماز ئوقۇشقا ئۇنىمىسا ئۇلارنى نامازغا مەجبۇرلاپ ئۇرۇڭلار ۋە ياتاقلىرىنى ئايرىڭلار! دېگەن.

13 ـ ئىبنى سۇننى ئىبنى ئۆمەر (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر بالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: مەن ھەج قىلىشنى خالايمەن، دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بىلەن ماڭدى ۋە ئۇنىڭغا: «ئى بالا! ئاللاھ ساڭا تەقۋالىقنى زىيادە قىلسۇن! سېنى ياخشىلىققا يۈزلەندۈرسۇن ۋە سېنى غەمدىن خالاس قىلسۇن!» دېدى. بالا بۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا جاۋاب قايتۇرغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا يەنە: «ئى بالا! ئاللاھ ھەجىڭنى قوبۇل قىلسۇن! گۇناھىڭنى مەغپىرەت قىلسۇن، سېنى ياخشىلىققا يۈزلەندۈرسۇن ۋە سېنى غەمدىن ساقلىسۇن!» دېدى.

14 ـ ئىمام ئەھمەد، بۇخارى ۋە مۇسلىم سابىت ئەلبىنان (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) نىڭ ئەنەستىن قىلغان تۆۋەندىكى ھەدىسىنىڭ رىۋايىتىنى بايان قىلغان بولۇپ ئەنەس (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) مۇنداق دېگەن: مەن بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ بولۇپ بەلكىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چۈشلۈك ئۇيقۇسىنى ئۇخلايدىغۇ، دېگەن ئوي بىلەن ئويناۋاتقان بالىلارنىڭ قېشىغا چىقىپ ئۇلارنىڭ ئويۇنىغا قاراپ تۇردۇم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىپ ئويناۋاتقان بالىلارغا سالام بەرگەندىن كېيىن مېنى چاقىرىپ ئۆزىنىڭ بىر ئىشى ئۈچۈن بۇيرۇپ ئۆزى سايىدا ئولتۇردى، مەن پەيغەمبەر

www.munber.org

ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشىنى قىلىمەن، دەپ بېرىپ ئانام ئەۋەتكەن ئىشنى قىلىشقا كېچىكىپ قالدىم، مەن ئانامنىڭ قېشىغا كەلگەندە ئانام: نېمىشقا كېچىكىپ قالدىڭ؟ دەپ سورىدى، مەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى بىر ئىشقا بۇيرىغان ئىدى، دېدىم. ئانام: نېمە ئىش ئىدى ئۇ؟ دېدى. مەن: بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سىرى، دېدىم، ئانام: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سىرىنى ساقلا، دېدى. سابىت مۇنداق دەيدۇكى، ئەنەس ماڭا: ئەگەر ئۇنى ئىنسانلارنىڭ بىرىگە سۆزلىگەن بولسام ئەلۋەتتە ساڭلا سۆزلەپ بەرگەن بولاتتىم، دېگەن ئىدى.

15 ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم، مالىك نەسائى ۋە ئەبۇ داۋۇد ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) نىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام فىتىر ـ زاكاتنى قۇل، ھۆر ۋە چوڭ ـ كىچىك ھەممىسىگە خورمىدىن ياكى ئارپىدىن بىر ئۆلچەك ( 2 .917 كىلو گىرام) پەرز قىلىپ بېكىتكەنىدى.

16 ـ تىرمىزى ئەنەس (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) دىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « ئى ئوغلۇم! ئۆيىڭگە كىرسەڭ سالام قىل! ئۆيىڭدىكىلەرگە بەرىكەت بولىدۇ» دېگەن.

17 ـ مۇسلىم ۋە ئىبنى خۇزەيمە ئىبنەتۇل ھارىسە ئىبنى نوئماندىن (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) دىن رىۋايەت قىلىدۇكى ئۇ: مەن ”قاف“ سۈرىسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جۈمەدە ئوقۇغانلىقىدىن يادا ئېلىۋالغان ئىدىم، دېدى.

18 ـ ئىمام بۇخارى ئەنەس (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىزمەت قىلىدىغان بىر يەھۇدىي بالا بار ئىدى. ئۇ ئاغرىپ قالغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى يوقلاپ باردى ۋە ئۇنىڭ باش تەرىپىدە ئولتۇرۇپ: « مۇسۇلمان بولغىن» دېدى. ئۇ بالا يېنىدا ئولتارغان ئاتىسىغا قارىدى. ئاتىسى: ئەبا قاسىمغا ئىتائەت قىل! دېدى. بالىسى ماقۇل بولۇپ مۇسۇلمان بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ قېشىدىن قايتىپ چىقىۋېتىپ: « ئۇنى دوزاختىن قۇتۇلدۇرغان ئاللاھ غا ھەمدىلەر بولسۇن!» دېدى.

19 ـ ئەبۇ يەئلا ۋە تەبەرانى ئەمرى ئىبنى ھۇرەيس (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) نىڭ سېتىقچىلىق قىلىۋاتقان يېرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: «ئى ئاللاھ ئۇنىڭ سېتىشىدا ياكى تىجارىتىدە بەرىكەت بەرگىن!» دېدى.

20 ـ ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى ۋە ئەبۇ داۋۇدلار ئەنەس (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئەخلاقلىق كىشىسى ئىدى. مېنىڭ ئەبۇ ئۆمەير ئىسىملىك بىر ئىنىم بار ئىدى، ئۇ تېخى ئەمدىلا سۈتتىن ئايرىلغان ئىدى، ئۇ بىزنىڭ يېنىمىزغا كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئەبۇ ئۆمەير! ئۇ قۇش نېمە قىلدى؟» دەيتتى. بەزىدە ئۇ بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەندە ناماز ۋاقتى بولۇپ قالسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەرگە سېلىنغان بورىنى سۈپۈرۈشكە بۇيرۇيتتى، ئاندىن ئۇنى پۈۋدىگەندىن كېيىن قىيامدا تۇراتتى، بىز ئۇنىڭ كەينىدە تۇراتتۇق، ئۇ بىزگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇيتتى.

21 ـ تىرمىزى سەئىد ئىبنى ئاس (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) دىن رىۋايەت قىلىدۇكى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاتا ـ ئانا بالىغا ياخشى ئەدەبتىن ئەۋزەل بىر نەرسىنى سوۋغات قىلمىدى» دېدى.

22 ـ ئىبنى سۇنىنىڭ كىتابىدا ئەبى ھۇرەيرە (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئادەمنى ئۇنىڭ بالىسى بىلەن كۆرۈپ ئۇ بالىدىن: «بۇ كىم؟» دەپ سورىدى. بۇ بالا: ئاتام، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ بالىغا: «ئۇنىڭ ئالدىدا ماڭما ۋە ئۇنىڭ تىللىشىغا سەۋەبچى بولما» دېگەن.

23 ـ تەبەرانى ئائىشە (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) دىن قىلغان رىۋايەتتە ئۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلغان ئادەم ئۇنىڭغا ئاچچىق بىلەن يان كۆزۈدە قارىمايدۇ»

24 ـ تاباراني يەنە ئىبنى ئابباس (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) دىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئاتا ـ ئانا بالىسىغا ئۇنىڭدىن سۆيۈنگەنلىك نەزىرىدە قارىسا، بالىغا بىر قۇل ئازاد قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ» دېگەندە ساھابىلار: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئەگەر ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن شۇنداق قارىسىچۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھۇ ئەكبەر!» دەپ جاۋاب بەردى، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

www.munber.org

25 ـ ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى ئۇبادە ئىبنى سامىت (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) دىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «چوڭلىرىمىزنى ھۆرمەت قىلمىغان، كىچىكلىرىمىزگە شەپقەت قىلمىغان، ئالىملىرىمىزنىڭ ھەققىنى تونۇمىغان ئادەم مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئەمەس» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ.

26 ـ ئىمام مۇسلىم ئەبى ھۇرەيرە (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) دىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى قېرىندىشىغا قولىدىكى تۆمۈر بىلەن ئىشارەت قىلىدىكەن، ئۇ تاكى قولىدىكى تۆمۈرنى تاشلىۋەتمىگىچە ئۇنىڭغا لەنەت قىلىنىدۇ»

27 ـ ئىمام ئەھمەد بىلەن ئەبۇ داۋۇد ئابدۇللاھ ئىبنى بەسىر (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرەرنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا كېلىپ كىرىشكە ئىجازەت سورىغاندا ئۇ ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرماي بەلكى ئوڭ ياكى سول تەرىپىدە تۇراتتى. ئۇنىڭغا ئىجازەت بېرىلسە كىرەتتى، بېرىلمىسە قايتىپ كېتەتتى.

28 ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم، ئۆمەر ئىبنى ئەبۇ سەلەمە (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) دىن رىۋايەت قىلىدۇكى ئۇ مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا يۇرۇيدىغان كىچىك بىر بالا ئىدىم، تاماق ۋاقتىدا مېنىڭ قولۇم داستىخاننىڭ ھەممە يېرىدە يۈگۈرەپ يۈرەتتى، بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «ئو ئوغۇلجان! تاماقتىن بۇرۇن بىسمىللاھ دېگىن، ئوڭ قولۇڭ بىلەن ئالدى تەرەپىڭدىن يېگىن!» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ تاماق يېيىشىم ھەمىشە شۇ ئۇسۇلدا بولۇپ كەلدى.

29 ـ ئەبۇ داۋۇد ئابدۇللاھ ئىبنى داۋۇد ئىبنى ئامىر (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كۈنى ئانام مېنى چاقىردى. بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ ئۆيىمىزدە ئولتۇرغان ئىدى، ئانام ماڭا: كەل! ساڭا بىرنەرسە بېرىمەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىز ئۇنىڭغا نېمە بېرىسىز؟» دېدى. ئانام: ئۇنىڭغا خورما بەرمەكچىدىم، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر سىز ئۇنىڭغا بىرنەرسە بەرمىسىڭىز سىزگە بىر يالغان ئېيتقانلىقنىڭ گۇناھى يېزىلغان بولاتتى» دېدى.

30 ـ ئىمام تىرمىزى ھەسەن ۋە غېرىب، دەپ بايان قىلغان ھەدىسىدە ئەنەس (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) دىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئى ئوغلۇم! ئەتىگەن ۋە ئاخشامنى ھېچكىمگە ئۆچ ئاداۋەت پەيدا قىلماسلىققا قادىر بولالىساڭ شۇنداق قىلغىن! ئى ئوغلۇم! بۇ مېنىڭ سۈننىتىمدۇر. كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمنى ياشارتسا مېنى ياشارتقان بولىدۇ. مېنى ياشارتقان كىشى جەننەتتە مېنىڭ بىلەن بىرگە بولىدۇ»

31 ـ ئىمام مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئەخلاقلىقراقى ئىدى، ئۇ بىر كۈنى مېنى بىر ئىشنى بىجىرىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. مېنىڭ كۆڭلۈمدە بارغۇم بولسىمۇ لېكىن قەستەن: مەن بارمايمەن، دېدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بۇيرىغاندىن كېيىن مەن چىققىپ بازاردا ئويناۋاتقان باللاردىن ئۆتۈپ ئۇلارغا قاراپ تۇرۇپ قالدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارقامدىن كېلىپ ماڭا قاراپ تۇرۇپتۇ، مەن بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قارىدىم، ئۇ ماڭا قاراپ كۈلۈۋاتاتتى، ئاندىن ئۇ: «ئى ئەنەس! بۇيرىغان يەرگە باردىڭمۇ؟» دېدى. مەن: مەن بارىمەن ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، دېدىم. ئەنەس بۇ رىۋايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا توققۇز يىلدىن ئارتۇق خىزمەت قىلدىم، ئۇنىڭ بىرەر قېتىممۇ ماڭا ”ئۇھ“ دېگەنلىكىنى ئاڭلىمىدىم، ياكى نېمىشقا ئۇنداق قىلدىڭ! ياكى مۇنداق ـ مۇنداق قىلمىدىڭ؟ دەپ باقمىدى.

ئىمام ئەھمەدنىڭ رىۋايىتىدە ئەنەس (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئون يىل خىزمەت قىلدىم، ئۇ مېنىڭ بىرەر ئىشنى خاتا قىلغانلىقىم ياكى ياخشى ئادا قىلمىغانلىقىم ئۈچۈن مېنى ئەيىبلەپ باقمىدى. ئەگەر ئۆيىدىكىلەردىن بىرەرسى ماڭا بۇ ھەقتە مالامەت قىلسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭغا مالامەت قىلماڭلار، ئۇ قىلىشقا قادىر بولالىغان بولسا شۇنداق قىلغان بولاتتى» دەيتتى.

32 ـ ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى، ئەبى سەئىد ئەلخۇدرى (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) دىن رىۋايەت قىلىدۇكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « كىمنىڭكى ئۈچ قىزى ياكى ئۈچ ھەمشىرىسى، ياكى ئىككى قىزى ياكى ئىككى ھەمشىرىسى بولۇپ ئۇ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلسا ۋە ئۇلار ھەققىدە ئاللاھ دىن قورقسا ئۇ جەننەتكە كىرىشكە ھەقلىق بولىدۇ» دېگەن.

www.munber.org

33 ـ ئىمام مۇسلىم، ئەبى ھۇرەيرە (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مېۋىلەرنىڭ ئالدى بىلەن پىشقانلىرى ئاۋۋال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتىلەتتى، ئاندىن ئۇ: «ئى ئاللاھ! بىزگە، شەھەرلىرىمىزدە، مېۋىلىرىمىزدە، ئۆلچەكلىرىمىزدە ۋە تارازىلىرىمىزدا بەرىكەت ئۈستىگە بەرىكەت بولسۇن!» دەپ دۇئا قىلاتتى. ئاندىن كېيىن ئۇ مېۋىلەرنى شۇ جايدا بار بولغانلارنىڭ ئەڭ كىچىكلىرىدىن باشلاپ بېرىشكە باشلايتتى.

34 ـ ئىمام بۇخارىنىڭ سەھل (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) دىن قىلغان رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مەن يېتىمنىڭ ئىشلىرىغا كېپىل بولغۇچى بىلەن جەننەتتە مۇشۇنداق (تۇرىمەن)» دەپ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارماقلىرىنى بىر ـ بىرىگە جۈپلەپ كۆرسەتكەنلىكىنى ئاندىن كېيىن ئۇ ئىككى بارمىقىنى ئايرىغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

35 ـ ئىمام بۇخارى، مۇسلىم ۋە نەسائى، ئەنەس (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) دىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «جېنىم ئۇنىڭ ئىلكىدە بولغان زات ئاللاھ بىلەن قەسەمكى! مەن سىلەرگە سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، بالىسى ۋە جىمى ئىنسانلاردىن سۆيۈملۈك بولمىغىچە، ھەممىسىدىن بەكرەك ياخشى كۆرۈلمىگىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

36 ـ ئەبۇ يەئلا ۋە ئىبنى ئەساكىر زەيد ئىبنى سابىت (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندە مېنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىشىپ: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بۇ بالا بەنى نەججار قەبىلىسىدىن، ئۇ ئاللاھ دىن سىزگە نازىل بولغان سۈرىلەردىن ئون يەتتە سۈرە يادلىدى، دېدىلەر. ئاندىن مەن ئۆگەنگەن سۈرىلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوقۇپ بەردىم، ئوقۇغانلىرىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياراپ كەتتى، ئۇ: «ئى زەيد! سەن مەن ئۈچۈن يەھۇدىيلارنىڭ تىلىنى ۋە يېزىقىنى ئۆگەنگىن، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇلاردىن بىرىنىڭ مەن ئۈچۈن خەت يېزىپ بېرىشىگە ئىشەنچ قىلالمايدىكەنمەن، دېدى. ئاندىن مەن ئۇنى بىر يېرىم ئاي ئۆتمەيلا ياخشى ئۆگىنىپ بولدۇم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەت يازسا مەن يېزىپ بېرەتتىم، ئۇلار (يەھۇدىيلار) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خەت يازسا مەن ئۇنى ئوقۇپ بېرەتتىم.

37 ـ بىز سەھىھۇل بۇخارىدا ئىبنى ئابباس (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) دىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ئۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەسەن ۋە ھۈسەيىن (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) لار ئۈچۈن ھۆرۈپ كۆز تېگىشتىن ۋە باشقا بىرەر زىيان كېلىشتىن پاناھ تىلەيتتى ۋە مۇنداق دەيتتى: «ئاللاھنىڭ بارلىق سۆزلىرى بىلەن ئۇلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ شەررىدىن، كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىدىن پاناھلىق تىلەيمەن» ۋە يەنە مۇنداق دەيتتى: «شۈبھىسىزكى ئاتىلىرىڭلار ئوغۇللىرى ئىسمائىل ۋە ئىسھاق ئۈچۈن شۇنداق پاناھلىق تىلىگەن (ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئاللاھنىڭ سالاملىرى بولسۇن!)».

38 ـ ئىمام ئەھمەد، ئابدۇللاھ ئىبنى ھارىس (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللاھ، ئۇبەيدۇللاھ ۋە ئابباس ئوغۇللىرىدىن نۇرغۇننى سەپكە تىزغاندىن كېيىن: «كىم ئاۋۋال مەن تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېلەلىسە ئۇنىڭغا مۇنداق، مۇنداق مۇكاپات بېرىمەن» دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرەپكە يۈگرەيتتى، ئۇلار يۈگۈرۈپ ئۇگدىسىغا ۋە دۇمدۇسىگە يىقىلاتتى، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى سۆيۈپ ئۆز يېنىغا تارتاتتى.

39 ـ ئىمام بۇخارى، تىرمىزى ۋە ئەبۇ داۋۇد، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) دىن رىۋايەت قىلىدۇكى ئۇ مۇنداق دېگەن: پەزل ئىبنى ئابباس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەمراھ ئىدى، خەسئەملىك بىر ئايال ئۇنىڭدىن پەتۋا سوراش ئۈچۈن كەلدى، شۇنىڭ بىلەن پەزل ئۇ ئايالغا قاراشقا باشلىدى، ئۇ ئايالمۇ پەزلگە قاراشقا باشلىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەزلنىڭ يۈزىنى باشقا ياققا بۇرىۋەتتى.

40 ـ ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى، ئەبى ئۇمامە (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) دىن رىۋايەت قىلىدۇكى ئۇ مۇنداق دېگەن: قۇرەيشلىك ياشلاردىن بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كېلىپ: ئى ئاللاھ نىڭ پەيغەمبىرى! مېنىڭ زىنا قىلىشىمغا ئىجازەت بەرسىلە، دېدى. ئەتراپتا تۇرغان كىشىلەر: تەۋبە! تەۋبە! دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «يېقىنلاش!» دېدى. ئۇ ياش يېقىن كەلگەندىن كېيىن: «ئۇنى ئاناڭغا راۋا كۆرەمسەن!» دېدى، ئۇ ياش: ياق! ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىنسانلارمۇ ئۇنى شۇنداق يامان كۆرىدۇ» دېدى. ۋە: «سەن

www.munber.org

ئۇنى قىزىڭغا راۋا كۆرەمسەن؟» دېدى، ئۇ يەنە يۇقىرىقىدەك دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىنسانلارمۇ قىزلىرىغا ئۇنى راۋا كۆرمەيدۇ» دېدى. ئاندىن: «سەن ئۇنى ھەمشىرەڭگە ياخشى كۆرەمسەن!» دېدى. ئۇ ياش يەنە يۇقىرىقىدەك دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: «ئىنسانلارمۇ ھەمشىرلىرىگە ئۇنى راۋا كۆرمەيدۇ» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنى ئاناڭنىڭ ھەمشىرسىگە راۋا كۆرەمسەن؟» دېدى. ئۇ ياش يەنە يۇقىرىقىدەك دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىنسانلارمۇ ئۇنى ئانىسىنىڭ ھەمشىرسىگە ياخشى كۆرمەيدۇ» دېدى. ئاندىن: «سەن ئۇنى ئاتاڭنىڭ ھەمشىرسىگە راۋا كۆرەمسەن؟» دېدى. ئۇ ياش يەنە يۇقىرىقىدەك دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ: «ئى ئاللاھ! ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈر! قەلبىنى پاكلا! پەرجىنى (يەنى جىنسىي ئەزاسىنى) ساقلا!» دەپ دۇئا قىلدى، ئەبۇ ئۇمامە كېيىن ھېچنېمىگە قارىمايدىغان ئىپپەتلىك ئىنسان بولۇپ ياشىدى.

## مۇندەرىجە


گۈل مەلىكە.......3
ئاللاھقا ئىمان.......5
ئاللاھ سۆيگۈسى.......7
ئىمان.......8
ئېتىقاد جەھەتتىن ئىنسانلار ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ.......10
ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلىقىنى قانداق بىلەلەيمىز؟.......11
ئاللاھنى ئىزدىگەن بالا.......12
ئاللاھ يوق دېگەن بىر زىيالىيغا ئىمام ئەزەم ئەبۇھەنىيفەنىڭ بەرگەن جاۋابى.......16
ئاللاھ بىزنى نېمە قىلىشقا چاقىرىدۇ؟.......18
ئاللاھ بار ئىكەن، بىز ئۇنى نېمىشقا كۆرەلمەيمىز؟.......19
ھېكايە:.......20
سۆتكە سۇ قوشمىغان ۋە ھەزرىتى ئۆمەرنى يىغلاتقان قىز.......20
سەن بىلىسەن ئى ئۇلۇغ ئاللاھ!.......21
ھېكايە:.......21
ئەخمەتنىڭ نېمىشقا قۇشى يوق؟.......21
ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى قانداق بىلىمىز؟.......23
ئىككى ئىلاھ بولغان بولسا قانداق بولاتتى؟.......23
بۇلارنى بىلەمسىز؟.......24
قار ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە قۇدرىتىنى قانداق ئىسپاتلايدۇ؟.......25
ئاللاھنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىزمۇ؟.......26
ھېكايە:.......27
پىل كۆرمىگەن خەلق.......27
ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى.......28
بىز ئاللاھنى كۆرەلەيمىزمۇ؟.......29
ئاخىرەتتە ئاللاھنى قانداق كۆرىمىز؟.......29
ھېكايە:.......29
ئاللاھ بىزنى كۆرىدۇ.......29
"ئاللاھنى دادا" دېيىش توغرىمۇ؟.......30


www.munber.org

ئاللاھ سۆزلەمدۇ؟ ئاللاھنىڭ سۆزلىرى قايسىلار؟ ..... 30
ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى قانداق چۈشىنەلەيمىز؟ ..... 30
ئاللاھ ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرىمىز ..... 31
كۈندىلىك ھاياتىمىزدا ئاللاھ ئىسمى قوللىنىدىغان يەرلەر ..... 32
ئاللاھ كىملەرنى ياخشى كۆرىدۇ؟ ..... 32
ئاللاھ كىملەرنى ياخشى كۆرمەيدۇ؟ ..... 33
ھېكايە: ..... 34
ئاللاھ ياخشى كۆرگەن بالىلار ..... 34
ئاللاھ مەۋجۇداتلارنى نېمە ئۈچۈن ياراتتى؟ ..... 37
قارىدىڭمۇ قولliرىڭغا ..... 38
ئاللاھ ئىنسانىنى نېمە ئۈچۈن ياراتتى؟ ..... 38
ھېكايە: ..... 39
مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ: " ئى رەببىم! ئىنسانلارنى ئۆلتۈردىكەنسەن، نېمىشقا ياراتتىڭ؟" دەپ سورىغانلىقى ..... 39
تۇنجى ئىنسان نېمىدىن يارىتىلغان؟ ..... 39
ئاللاھنىڭ نېمەتلىرى قايسىلار؟ ..... 40
ئىنسان ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش ئارقىلىق نېمىگە ئېرىشىدۇ؟ ..... 40
ئاللاھ بەرگەن نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلىش توغرىسىدىكى ئىبرەتلىك ھېكايە ..... 41
ھېكايىدىكى نەسىھەتلەر ..... 44
ئىبادەت دېگەن نېمە؟ ..... 44
ئىبادەتلەرنىڭ مۇكاپاتى نېمە؟ ..... 44
نېمىشقا ئىبادەت قىلىمىز؟ ..... 44
باشقا مەخلۇقاتلارمۇ ئاللاھقا ئىبادەت قىلامدۇ؟ ..... 45
ئاللاھ بىزدىن نېمە تەلەپ قىلىدۇ؟ ..... 45
ئانىلارغا دەيمەنكى ..... 45
پەرىشتىلەرگە ئىمان ئېيتىش ..... 46
پەرىشتىلەرنى كۆرگىلى بولامدۇ؟ ..... 46
دۇنيادا بىز كۆرەلمەيدىغان باشقا نەرسىلەرمۇ بارمۇ؟ ..... 46
پەرىشتىلەر قانداق مەخلۇقلار؟ قاناتلىرى بارمۇ؟ ..... 46
پەرىشتىلەرنىڭ ۋەزىپىسى نېمە؟ ..... 46
كىشىلەر "پەرىشتىلەرگە ئوخشايدىغان بالا" دەيدىكەن ۋە پەرىشتىلەرنى قىزلارغا ئوخشىتىدىكەن، پەرىشتە بىزگە ئوخشامدۇ؟ ..... 47
پەرىشتىلەر ئۆلەمدۇ؟ ..... 47
پەرىشتىلەر كەلگۈسىنى ئالدىن بىلەمدۇ؟ ..... 47
پەرىشتىلەرنىڭ ۋەزىپىلىرى نېمە؟ ..... 47
بىز ئىسمىنى بىلىدىغان پەرىشتىلەر قايسىلار؟ ..... 47
جىبرىئىلنىڭ ۋەزىپىسى نېمە؟ ..... 48
پەيغەمبىرىمىز جىبرىئىل بىلەن قانداق كۆرۈشتى؟ ..... 48
سۆزلەشكىنىنى باشقىلار كۆرگەنمۇ؟ ..... 48
پەيغەمبىرىمىز جىبرىئىلنى پەرىشتە سۈرىتىدە بىرەر قېتىم كۆرگەنمۇ؟ ..... 48


www.munber.org

مىكائىلنىڭ ۋەزىپىسى نېمە؟ ..... 50
ئەزرائىلنىڭ ۋەزىپىسى نېمە؟ ..... 50
ئەزرائىل قورقۇنچلۇقمۇ؟ ..... 50
بىرلا ۋاقىتتا نۇرغۇن ئىنسان ياكى جانلىق ئۆلۈشى مۇمكىن، ئەزرائىل بۇلارنى يالغۇز قانداق بىر تەرەپ قىلىدۇ؟ ..... 50
بىر جانلىقنىڭ ئۆلۈش ۋاقتى كەلگەندە، ئەزرائىلدىن بىرئاز مۆھلەت تەلەپ قىلغىلى بولامدۇ؟ ..... 51
ئىسرافىلنىڭ ۋەزىپىسى نېمە؟ ..... 51
قىيامەت دېگەن نېمە؟ ..... 51
دۇنيا قانداق يوق بولىدۇ؟ ..... 51
سۇر دېگەن نېمە؟ ..... 52
قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقى ئېنىقمۇ؟ ..... 52
قىيامەتنىڭ باشلانغانلىقىنى ئىنسانلارمۇ كۆرەمدۇ؟ ..... 52
بارلىق ئىنسانلار ئۆلۈپ، قىيامەت بولغاندىن كېيىن قانداق ئىشلار بولىدۇ؟ ..... 52
ئىنسانلار تەكرار تىرىلىدىغان ئاخىرەت هاياتىدا ئۆلۈم بارمۇ؟ ..... 52
كىرامەن كاتىبىين پەرىشتىلىرىنىڭ ۋەزىپىسى نېمە؟ ..... 53
كىرامەن كاتىبىن پەرىشتىلىرى ئىنساندىن ھەرگىزمۇ ئايرىلمامدۇ؟ ..... 53
پەرىشتىلەر ئىنسانلارغا ياردەم قىلامدۇ؟ ..... 53
پەرىشتىلەر ئىنسانلارغا خەيرلىك (ياخشى) دۇئا قىلامدۇ؟ ..... 53
هافازا پەرىشتىلىرىنىڭ ۋەزىپىسى نېمە؟ ..... 54
رەھمەت ۋە ئازاب پەرىشتىلىرىنىڭ ۋەزىپىسى نېمە؟ ..... 54
ئىنسان پەرىشتىلەر دەرىجىسىگە يۈكسىلەلەمدۇ؟ ..... 54
يۈز كىشىنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنىڭ تەۋبىسى ..... 54
خازىن ۋە مالىكنىڭ ۋەزىپىسى نېمە؟ ..... 57
يەنە باشقا پەرىشتىلەرمۇ بارمۇ؟ ..... 57
جىن ۋە شەيتانلارمۇ پەرىشتىلەردىن هېسابلىنامدۇ؟ ..... 57
جىنلار بىزگە زىيان سالامدۇ؟ ..... 57
جىنلار پەيغەمبىرىمىزگە ئىمان ئېيتقانمۇ؟ ..... 58
شەيتانمۇ جىنلارغا ئوخشامدۇ؟ ..... 58
شەيتان ئەسلى جەننەتتە ئىكەن، نېمىشقا بىزگە دۈشمەن بولدى ۋە ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن قوغلاندى؟ ..... 58
شەيتان بىزنىڭ نېمە قىلىشىمىزنى خالايدۇ؟ ..... 59
شەيتاندىن قانداق ساقلىنىمىز؟ ..... 59
ئوغرىلىق قىلىۋاتقاندا تۇتۇلغان شەيتان ..... 59
جىنلار بىزگە بىرەر زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزەلەمدۇ؟ ..... 61
كىتابلار ۋە پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتىش ..... 62
پەيغەمبەر بولۇشنى ئارزۇ قىلغان ھەرقانداق كىشى پەيغەمبەر بولالامدۇ؟ ..... 62
پەيغەمبەرلىك ئاتىدىن بالىغا مىراس قالامدۇ؟ ..... 62
پەيغەمبەرلەرنىڭ بالىلىرىمۇ ئاتىلىرىدەك ياخشى ئىنسانمۇ؟ ..... 62
پەيغەمبەرلەر باي ۋە گېپى ئۆتىدىغان كىشىلەرمۇ؟ ..... 62
ئاللاھ نېمە ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەۋەتكەن؟ ..... 62

www.munber.org

ئىنسانلارغا ئەڭ ياخشى ئۈلگە بولغان ئىنسانلار كىملەر؟ ..... 63
پەيغەمبەرلەر پەۋقۇلئاددە ئىنسانلارمۇ؟ ..... 63
پەيغەمبەرلەرنى قۇرئان كەرىمدە نېمە دەيدۇ؟ ..... 63
تۇنجى پەيغەمبەر كىم؟ ..... 63
ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر كىم؟ ..... 63
بارلىق ئىنسانلارغا پەيغەمبەر كەلگەنمۇ؟ ..... 64
پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى نېمە؟ ..... 64
پەيغەمبەرلەرنىڭ باشقا ئىنسانلاردىن پەرقلىنىدىغان سۈپەت ـ ئالاھىدىلىكلىرى قايسىلار؟ ..... 65
مۆجىزە دېگەن نېمە؟ ھەرقانداق كىشى مۆجىزە كۆرسىتەلەمدۇ؟ ..... 65
پەيغەمبەرلەر نېمىشقا مۆجىزە كۆرسەتتى؟ ..... 65
مۆجىزە قانداق چاغدا كۆرسىتىلىدۇ؟ ..... 65
پەيغەمبىرىمىزنىڭ باشقا مۆجىزىلىرىدىن مىساللار بەرسىڭىز ..... 66
پەيغەمبىرىمىزنىڭ باشقا پەيغەمبەرلەردىن پەرقى بارمۇ؟ ..... 66
كىتاب بېرىلگەن پەيغەمبەرلەر كىملەر؟ ..... 66
چوڭ كىتابلار تۆت ..... 67
قۇرئاندا نېمىلەر بار؟ ..... 67
قۇرئان شىپادۇر ..... 68
پەيغەمبىرىمىزگە نىسبەتەن قانداق ۋەزىپىلىرىمىز بار؟ ..... 69
پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشنىڭ ھۆكمى نېمە؟ ..... 70
پەيغەمبەرگە دۇرۇت ئوقۇش دېگەن نېمە؟ ..... 70
پەيغەمبەرلەر قىلغان ئىشقا ھەق ئالامدۇ؟ ..... 70
سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھەققىدە قىسقا ساۋات )سوئال ـ جاۋاب( ..... 70
ئېنىكئانىسى ۋە ئېمىلداش تۇغقانلىرىنىڭ ئىسمى نېمە؟ ..... 71
پەيغەمبىرىمىز نەدە، قاچان تۇغۇلدى؟ ..... 71
پەيغەمبىرىمىزنىڭ دادىسى ۋە ئانىسى قاچان ۋاپات بولدى؟ ..... 71
پەيغەمبىرىمىز كىم بىلەن قانچە ياشتا توي قىلدى؟ ..... 71
پەيغەمبىرىمىزنىڭ قانچە بالىسى بار ئىدى؟ ..... 71
پەيغەمبىرىمىز خەدىچىدىن باشقا ئاياللار بىلە ئۆيلەندىمۇ؟ ..... 71
پەيغەمبىرىمىزنىڭ 54 ياشتىن كېيىن كۆپ ئۆيلىنىشىنىڭ سەۋەبى ۋە ھېكمىتى نېمە؟ ..... 71
قانچە ياشقا كىرگەندە پەيغەمبەر بولدى؟ ..... 72
قاچان، قەيەرگە ھىجرەت قىلدى؟ ..... 72
ساھابىلەر كىملەر؟ ..... 72
پەيغەمبىرىمىزنىڭ قانچە نەۋرىسى بار؟ ..... 72
بۇلار كىمنىڭ بالىلىرى ئىدى؟ ..... 72
ئەھلى بېيت دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟ ..... 72
پەيغەمبىرىمىز قانچە ياشتا ۋاپات بولدى؟ ..... 73
سۈننەت دېگەن نېمە؟ ..... 73
ھەدىسلەردىن بىر قانچە مىسال بەرسىڭىز: ..... 73


www.munber.org

پەيغەمبىرىمىز بالىلارغا قانداق مۇئامىلە قىلاتتى؟ ..... 74
پەيغەمبىرىمىز قانداق بىر ئىنسان ئىدى؟ ..... 75
سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىم ..... 75
ئاخىرەتكە ئىمان ..... 76
ئۆلۈم بىر يوقىلىشمۇ؟ ..... 76
ئۆلۈم قورقۇشقا تېگىشلىك بىر ئىشمۇ؟ ..... 76
ئۆلۈم دېگەن نېمە؟ ..... 77
يېشىل كىيىملىك كىشىنىڭ ئاخىرقى سەپىرى ..... 77
قەبرە دېگەن نېمە؟ ..... 78
قەبرە هاياتى ۋە قەبرە سوئاللىرى دېگەن نېمە؟ ..... 78
ئاخىرەت هاياتىنىڭ ئۆرنىكىنى بىر مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈپ بەرىسىڭىز ..... 79
كىچىك چاغدا ئۆلگەنلەردىن قەبرە سوئاللىرى سورىلامدۇ؟ ..... 79
قاچان قىيامەت بولىدۇ؟ ..... 79
ئەنجۈر دەرىخى ..... 79
چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلەر تىرىلەمدۇ؟ ..... 80
تىرىلگەن تۆت قۇشنىڭ هېكايىسى ..... 81
ئاخىرەتتە بېرىلىدىغان جازا ۋە مۇكاپات بارمۇ؟ ..... 82
چاقماق ..... 82
قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى بارمۇ؟ ئۇلار قايسىلار؟ ..... 84
مازاردا سورالغان سوئاللاردىن باشقا ئاخىرەتتە يەنە سوئال ـ سوراق بارمۇ؟ ..... 85
مەهشەر دېگەن نېمە؟ ..... 85
مەهشەردە جاپا تارتمايدىغانلار كىملەر؟ ..... 85
ئاللاھ بارلىق ئىنسانلاردىن بىرلا ۋاقىتتا سوئال ـ سوراق قىلامدۇ؟ ..... 86
ئەمەل دەپتىرى دېگەن نېمە؟ ..... 86
هېساب دېگەن نېمە؟ ..... 86
مىزان دېگەن نېمە؟ ..... 87
سىرات دېگەن نېمە؟ ..... 87
هەۋز دېگەن نېمە؟ ..... 88
جەننەتكە قانداق كىرىمىز ۋە قانچىلىك ۋاقىت قالىمىز؟ ..... 88
ئىمانسىز هالدا جەننەتكە كىرگىلى بولمامدۇ؟ ..... 88
گۇناهكار مۆمىنلەر جەننەتكە كىرەلەمدۇ؟ ..... 88
ئاللاھ ئەپۇ قىلمايدىغان گۇناهلار قايسىلار؟ ..... 88
جەننەتتە ئەڭ ئېسىل نېمەت نېمە؟ ..... 89
جەننەتتە ئىنسانلار ئاللاهنى كۆرەلەمدۇ؟ ..... 89
جەننەت ۋە جەهەننەمدە ئۆلۈم بارمۇ؟ ..... 89
جەننەت قانداق يەر؟ ..... 89
جەهەننەم قانداق جايدۇر؟ ..... 89
جەهەننەمگە كىرمەسلىك ئۈچۈن نېمە قىلىش كېرەك؟ ..... 89


www.munber.org

ئاخىرەتكە ئىشىنىشنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدىكى تەسىرلىرى قايسىلار؟ 90
تۆت نەسىھەت 90
تەقدىرگە (قەدەر ۋە قازاغا) ئىمان ئېيتىش 92
قازا دېگەن نېمە؟ 93
قەدەرنى چۈشەندۈرۈپ بەرسىڭىز 93
ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ جاۋابى 93
"مېنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىم، نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىمنى ئاللاھ بىلىدۇ. شۇڭا ئەسكىلىكلەردە مېنىڭ گۇناھىم يوق" دېيىشكە بولامدۇ؟ 94
ئىنسان ئىرادىسىنىڭ تېشىدا بولىدىغان ئىشلار بارمۇ؟ 94
ئىنسان ئىرادىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشلارغا مىسال بەرسىڭىز 94
ئاللاھ بىزنىڭ نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىڭىزنى بىلىدىكەن، نېمىشقا يامانلىقلىرىمىزغا رۇخسەت قىلدى؟ 95
ئاللاھ خالىسا ھەممە ئادەم مۇسۇلمان بولارمىدى؟ 95
رىزىق ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە باغلىقمۇ ياكى ئىنساننىڭ ئىشلىشىگە باغلىقمۇ؟ 95
بىر لوقما ئاش، بىر يەكتەككە شۈكۈر قىلىش 96
رىزقىم كەلسۇن دەپ ساقلىغان ئادەم 97
ئىشلەش ئىبادەتمۇ؟ 97
ئاللاھ ئىشلىگەنلەرنى ياخشى كۆرىدۇ 98
ھەقىقىي ئىبادەت 98
تەقدىرگە ئىشىنىش ھاياتىمىزغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ؟ 99
"ئىشلەش ئىبادەتتۇر" دەپ باشقا ئىبادەتلەردىن ۋاز كېچىش توغرىمۇ؟ 99
قاداقلىق قوپال قوللار 100
ياخشىلىق ۋە يامانلىق (خەير ۋە شەر) 100
شەيتان نېمە ئۈچۈن يارىتىلغان؟ يارىتىلىشىدىكى ھېكمەت نېمە؟ 101
يامانلىق (شەر) نىڭ يارىتىلىشىدىكى ھېكمەت نېمە؟ 101
بىر ياخشىلىق )خەير( ۋە يامانلىق )شەر( گە نىسبەتەن قانداق مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك؟ 101
ئاللاھ ياخشىلىقنى ياراتتى، ئەسكىلىك (يامانلىق) نى نېمىشقا ياراتتى؟ 102




www.munber.org